
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني





مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

2003.1

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






المملكة المغربية
الحمد لله وحده
ولا دوام إلا لملكه
يعلم من كتابنا هذا أسماه الله وأعز أمره أننا بحول الله وقوته
أنعمنا على السيد هلال الدين تشين قوانغ يوان
رئيس الجمعية الإسلامية الصينية
بالوسام العلوي من درجة ضابط
مصحوبا باليمن والسعادة بفضل الله وعنايته.

① ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI جانابلىرى ئۆتكەن يىل جۇڭگونى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللامغا پادىشاھ ئوردېنى ۋە شەرەپنامە تەقدىم قىلىپ، داموللامنىڭ خىزمەت ئەجرىسىنى مەدھىيىلىدى.

② ③ ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللامغا تەقدىم قىلىنغان ئوردېن ۋە شەرەپنامە.

2003-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئەل بىشىر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىددىن ھاجى قاتارلىقلار پايتەخت خەلقارا ئايروپورتىغا بېرىپ، بۇ يىل ھەجگە ماڭغان تۇنجى تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى ئۇزىتىشقا قاتناشتى. ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ۋە مۇھەممەد ئەل بىشىر ھەجگە سەپەر قىلغۇچىلارغا ئۇزىتىش نۇتقى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ سالامەت ۋە ئاق يوللۇق بولۇپ، ھەج پەرزىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ كېلىشىنى تىلىدى.








④ بۇ يىلقى جۇڭگو ھەج تاۋاپچىلىرى پايتەخت ئايروپورتىدا مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمەگە ئاتلىنىش ئالدىدا.

⑤ باش ئەلچى ھەجگە سەپەر قىلغۇچىلارغا سۆز قىلماقتا.

⑥ باش ئەلچى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇزاتماقتا.

# جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى جيا چىڭلىن 2003-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ چاغانلىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى.

جيا چىڭلىن دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ، ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پارتىيىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن"سىياسىي جەھەتتىن ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتىن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش" ئاساسىغا قۇرۇلغان بىرلىكسەپ يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاج تاپتى.

جيا چىڭلىن 16-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىپە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەت يۆنىلىشىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىغا تېخىمۇ ياخشى مەدەتكار ۋە ياردەمدە بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

جيا چىڭلىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى دىنىي ئىشلار خىزمىتىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى. بۇ جەھەتتە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەشتە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئوخشىماسلىقلاردا ئۆز قارىشىنى ساقلاپ، كۆپ سانلىقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئەنئەنە بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دىن ئەھۋالى بىلەن دۆلەت ئەھۋالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

جيا چىڭلىن مۇنداق دېدى: مۇقىملىق — ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى تەستە قولغا كەلگەن ئىتتىپاق ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، دۆلەت بىختەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىر يېڭى دەۋرگە ۋە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى يېڭى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، بەزى يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا، ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشكە، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، كەڭ ئېتىقادچى ئامما ھىمايە قىلىدىغان، ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان دىنىي خادىملار قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، ھەر خىل قائىدە-نىزام، تۈزۈملەرنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى ۋاڭ جۇڭيۈلار سۆھبەتتە بىللە بولدى. ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەتكە قاتناشتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك مەسئۇللىرىدىن ليۇ يەندوڭ، لى دېجۇ، جۇۋېيچۈن، شۈي شاۋشى، يې شاۋۋېن قاتارلىقلارمۇ سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلدى.

www.uyghurkitap.com

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە


## ئاللاھدىن خەۋەرلەر

جىيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق
سۆھبەت ئۆتكۈزدى..........نۇر مۇخبىرىمىز خەۋىرى(1)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە..........نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (4)
ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى
ئېچىپ تاشلايلى..........دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق (15)
ئىسلام دىنىدىكى پاكلىق ۋە پاكىزلىق..........يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفي(19)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» ئوقۇشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق..........ئابابەكرى قارىم ھاجىم (23)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

قاتىللىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئېغىر گۇناھ!..........ئابدۇغېنى ئابدۇۋېلى (29)

## ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن

" بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟..."دېگەن ئايەت ھەققىدە
قىسقىچە مۇلاھىزە.......... ئابدۇخالىق ئالىم (32)
ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن..........ئابدۇكېرەم قارىم(38)

## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەب-ئەخلاق

سىلىق-سىپايە سۆزلەشكە ئادەتلىنەيلى..........ياقۇپ ھەمدۇللا(44)

## ئىسلام دىنى ۋە ئاياللار

ئىسلام دىنى ۋە ئەر-ئايالالار باراۋەرلىكى..........شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(50)

## ۋەز-تەبلىغ


ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى راست سۆزلۈك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ...ئابلا قارى ھوشۇر (55)

## ئالىم-ئۆلىمالار

مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما— داموللا قاسىم ھاجىم ..........
..........يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفي(57)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج-تاۋاپ پەرزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ۋەتەنگە
قايتىپ كەلدى..........نۇر مۇخبىرىمىز خەۋىرى (58)


## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

( پەسىللىك ژۇرنال 季刊 )

( ئومۇمىي 66 -سان 总第66期 )

باش مۇھەررىر:

شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ھاجى بارات رەجەپ

تەكلىپلىك تەھرىر:

ئادىل ھاجى كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:

شەمشنۇر ھوشۇر

主　　编: 夏米西丁・哈吉

副 主 编: 巴拉提・热吉甫

特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木

封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 邮发代号: 58—167

چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى.............
..........................................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(58)
يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە يىغىنى
ئاچتى.........................................ئىمىن ساۋۇت(59)
ئاقسۇ شەھىرىدە تۇنجى قېتىم «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزۈلدى.........................ئاقسۇ شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى(59)
كەلپىن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى
ئېچىلدى.......................................سەمەت دالى(59)

## خەۋەرلەر

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت
بىرلىكسەپ بۆلۈمى مەسئۇللىرى ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى
ھېيتلىق ۋە چاغانلىق يوقلىدى..........ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(60)
دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق
تالىپلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى......ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(60)
ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق تالىپلارنى
يوقلىدى...........................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(60)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، دولقۇن تۇرسۇن، مەتنىياز ئىمىن،
مەمتىمىن مەتنۇرى، ئەلى مەردان ئابدۇللا، روزى مويدۇن، ئەھەت مۆمىن،
مۇھەممەتجان مۇرتىزا، نىياز ساتتار، تۇرسۇن ھېقىل، ئابدۇرۇسۇل تۇنىياز،
ئەيسا ياقۇپ، سەمەت دالى، سېيىت ئەمەت قادىر، شاھمەردان ئىمىننىياز،
تاھىرجان قادىر، ئوسمان ھەبىبۇللا، كېرەم روزى، مۇھەممەتئىمىن
قۇربان،رەيھانگۈل تۇراق قاتارلىقلار خەۋىرى............................(61)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، نىياز ساتتار، خەيرىنگۈل ئابدۇقېيۇم،
شاھمەردان ئىمىننىياز، مەڭسۇر مەمەت، ئوسمان ھەبىبۇللا، تۇرسۇنجان
زۇنۇن، رەيھانگۈل تۇراق قاتارلىقلار خەۋىرى.............................. (63)

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: تۇرپان قاڭقا جامەسى (سۈرەتنى
ئادىل ئىسمائىل تارتقان)
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: «قەلبلەر مەدھىيىسى»
(ئاپتورى: ياش خوپزۇ رەسسام ئىبراھىم چېكچۇەنشېڭ)
( بۇ سان 2003-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)



2003
1
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۇۋ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 83520073، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ.
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：(010) 63513181，83520073
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001电话：(0991) 2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司

# تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە *

ئىزرە مۇھەممەد سالىھ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە "قەزا" قانداق بايان قىلىنغان؟

قەزا ۋە قەدەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كېلىشى بۇ ئىككىسىنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن باشقا ئۆزلىرىگە خاس ئىستىلاھ مەنىسى بارلىقىنى، قەزا ۋە قەدەرنى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى شۇ ئىستىلاھ مەنىسى بويىچە چۈشىنىشلا ئۇنى توغرا ئىزاھلاش بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا خالىغانچە مەنە بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

**قەزا ۋە قەدەرنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى:**

كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى، خاھىشى بىلەن ياراتقان ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم-قانۇنىيەت بېكىتكەن. ھەرقانداق ھادىسە ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، تەقدىر قىلغان ئۆلچەم-قانۇنىيىتى بويىچە يۈز بېرىدۇ. بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ ئەزەلى ئىلمى دائىرىسىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلى ئىلمىدىن چەتتە قالغان ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەستۇر.

**قەزا** سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىگە كېلىدىغان بولساق، ئىمام ئىبنى مەنزۇر«لسان العرب» (ئەرەبلەرنىڭ تىلى) ناملىق قامۇسىدا قەزا سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ.

"قەزا **ھۆكۈم** دېمەكتۇر، يەنى بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنغانلىقىدۇر". ئىمام قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ. "قەزا **بۇيرۇق، تەۋسىيە قىلىش** مەنىسىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن. ‹**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى**›" {سۈرە «بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە)، 23-ئايەت}.

قەزا يەنە **يارىتىش** مەنىسىدە بولۇپ، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن. "**ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى**" {سۈرە «فۇسسىلەت» (41-سۈرە)، 12-ئايەت}.

قەزا يەنە **ھۆكۈم قىلىش** مەنىسىدە بولۇپ، سۈرە «تاھا»دا مۇنداق دېيىلگەن. "**(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ**" {سۈرە«تاھا»(20-سۈرە)، 72-ئايەت}

قەزا يەنە **ئىرادە** مەنىسىدە بولۇپ، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن. "**ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ، بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، (ۋۇجۇدقا كەل) دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ**" {سۈرە «ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 47-ئايەت}.

---

*باش قىسمى ئۆتكەن ساندا

ئۇ يەنە **ۋەھىي قىلىش** مەنىسىدە بولۇپ، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: **"(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھىي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ"**{سۈرە «قەسەس»(28-سۈرە)، 44-ئايەت}.

قەزانى تۈپ ئاساس قىلىپ تۈرلەنگەن سۆزلەر قۇرئاندا 60 تەك ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان. ئىمام قۇرتۇبى بايان قىلىپ ئۆتكەن مەنىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ گەرچە تۈرلۈك شەكىللەردە كەلگەن بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ **ھۆكۈم قىلىش، قارار قىلىش ۋە ئورۇنلاش** تەك ئورتاق بىر مەنە نۇقتىسىدا كېسىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەمرى، يارىتىشى، ئىرادىسى بولسا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئورۇنلاش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

قەزا سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، پەرز، تالاق، دىيەت، قەسەم ۋە مۇئامىلىگە ئائىت ھەدىسلەردە **ھۆكۈم** مەنىسىدە كەلگەن. ناماز، روزا، ھەج، قەرز، سودا-سېتىققا ئائىت ھەدىسلەردە **ۋاپا قىلىش، تاماملاش، ئورۇنلاش** مەنىسىدە كەلگەن. يەنە باشقا ھەدىسلەردە **تەستىقلىماق، رازى بولماق** مەنىسىدە كەلگەن.

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە "قەدەر" قانداق بايان قىلىنغان؟

ئىمام ئىبنى مەنزۇر« لسان العرب » (ئەرەبلەرنىڭ تىلى) ناملىق قامۇسىدا **قەدەر** سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”قەدەر كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا قويۇشتۇر، يەنى قەدەر قەزاغا مۇۋاپىقلاشقان ھۆكۈمدۇر“.

قەدەر **ئۆلچەم، مىقدار** مەنىسىدە بولۇپ، بۇ مەنىدە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: **"بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق"**{سۈرە «قەمەر»(54-سۈرە)، 49-ئايەت}.

قەدەر **بەلگىلەش** مەنىسىدىمۇ بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن(ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە)ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى"**{سۈرە «فۇرقان»(25-سۈرە)، 2-ئايەت}؛ **"ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق"**{سۈرە «ياسىن»(36-سۈرە)، 39-ئايەت}.

قەدەر يەنە ئاللاھنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى ئەزەلى ئىلمىي مەنىسىنى ۋە تەقدىر قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا بۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلگەن: **"بىز ئۇنى ۋە خوتۇنىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى(يەنى خوتۇننى ئازابقا) قالغۇچىلاردىن قىلدۇق"**{سۈرە «نەمل»(27-سۈرە)، 57-ئايەت}؛ **"زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى(بىر-بىرىگە) قوشۇلدى"**{سۈرە «قەمەر»(54-سۈرە)، 12-ئايەت}.

ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇل مۇسلىم» كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلغان:

قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەقدىرنى ئىنكار قىلغان ھالدا مۇنازىرىلەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **"ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە (ئۇلارغا) ‹دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار› (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق، بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)"** {سۈرە«قەمەر» (54-سۈرە)، 48-، 49-، 50-ئايەتلەر}.

قەدەر سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنى مەزمۇن ئېتىبارى بويىچە ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى ھەدىسلەر،

www.uyghurkitap.com

ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇل مۇسلىم» كىتابىنىڭ ''ئىمان'' بابىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئەرابى سىياقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلام، ئىمان، ئېھسان توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ''ئىمان دېگەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشكە، مەيلى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولسۇن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئىمان ئېيتىشتۇر''.

ئىككىنچى تۈرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلى بىلەن پۈتكەن تەقدىر ۋە ئۇنىڭ پۈتۈلگەندەك ئىشقا ئېشىشى بايان قىلىنغان ھەدىسلەر. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ئۆزلىرىنىڭ سۈنەنىدە ۋە ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلىدۇكى: ''ساھابە ئۇبادە ئىبنى سابىت ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئوغلۇم ئاللاھدىن قورق، بىلگىنكى تاكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغۇچە، مەيلى ياخشىلىق-يامانلىق بولسۇن، ئاللاھ پۈتكەن تەقدىر بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھدىن قورققان بولمايسەن، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولاتتىڭ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئاللاھ تائالا ئەڭ دەسلەپ قەلەمنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا: 'يازغىن' دېدى، قەلەم: 'نېمىنى يازىمەن' دېگەندى، ئۇنىڭغا: 'تەقدىرنى يازغىن' دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى پۈتتى''.

ئىمام غەززالى قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''قەدەر ئۆلچەم مەنىدە، قەزا بولسا خاس مەنىدىدۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلاردا ياراتقان سەۋەبلەر قەدەردۇر. خۇددى ئوت يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە كۆيدۈرۈشنىڭ سەۋەبى بولغىنىدەك، ئۇ سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان نەتىجە قەزادۇر، ئەگەر سەۋەبلەر ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ماس كېلىپ، نەتىجە يۈنىلىشكە قاراپ ماڭسا، بۇ قەدەر دائىرىسىدىدۇر. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە قەزادۇر''. بەزىلەر بۇ ھەقتە باشقىچە كۆزقاراشتا ئىكەن بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرى غەززالىنىڭ پىكرىنى كۆپرەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

## تەقدىر بىلەن ھۆرلۈك ئارىسىدىكى ئىنسان

ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىغا نەزەر سالساق، پەقەت فىزىئولوگىيىلىك ئۆسۈش خۇسۇسىيىتى بولغان ئۆسۈملۈكلەردىن، ھېس ۋە ھەرىكەتكە ئىگە ھايۋانلاردىن يۈكسەك ئەقىل ئىدراك، مۇرەككەپ تەپەككۇر بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ئالىي ئورنىمىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكۈر ئېيتىمىز. ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئاللاھ تائالا پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بىلەن ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى ئارىسىدىكى ئەقىل-ئىدراكلىق ئىنساننىڭ ھاياتىنى بىر-بىرىگە مۇناسىپ مۇنداق ئىككى دائىرە بويىچە چۈشەنگەچكە، چوڭقۇر ئىمان ۋە ساغلام ئەقىدە بىلەن كېيىنكىلەرگە ئۈرنەك بولغىدەك توغرا مەسىلەكنى بەرپا قىلالىغان. بۇ ئۇلارنىڭ قەزا ۋە قەدەرنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئىستىلاھ مەنىسى، شەرىئەتنىڭ ئەسلى روھى بويىچە چۈشەنگەن ۋە ئىزاھلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىرىنچى دائىرە. ئاللاھنىڭ ئىرادە خاھىشى بىلەن پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بويىچە يۈز بېرىدىغان، ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە ئىختىيارى تاللىشى بولمىغان ئىشلاردۇر. بۇ دائىرىدە ئىنساندا ھېچقانداق شەخسىي ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا پۈتكەن تەقدىر، بېكىتكەن قانۇنىيەتلەرگە تولۇق بويسۇنغۇچى ئورۇندا بولىدۇ. بۇ ھەممىنى يوقتىن بار قىلغان، ئۆز ئىرادە قۇدرىتى بىلەن ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم، قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكۈچى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئەزىمىتى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتىدۇر.

ئىنسان ھاياتتا ئۆز ئىرادىسىز، ئىختىيارسىز كەلگىنىدەك، بۇ دۇنيادىن ئۆز خاھىشسىز كېتىدۇ. ئىنساننىڭ قاچان، قايسى يۇرتتا دۇنياغا كېلىشى، جىنسىنىڭ ئەر ياكى ئايال، شەكىل جەھەتتىن ئېگىز ياكى پاكار، ئاق ياكى قارا، سەت ياكى چىرايلىق بولۇشى، قانداق مىجەز خاراكتېر بىلەن تۇغۇلۇشى، قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشى، ھاياتتىكى رىزقى قاتارلىقلار پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكەن قەزا ۋە قەدەرى بويىچە بولۇپ، بۇ جەھەتلەردە ئىنساندا ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ. قورسىقى ئاچسا يېيىش، ئۇسسا ئىچىش، ئۈگدەك باسسا ئۇخلاش، چارچىسا ئارام ئېلىشتەك فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولۇش، مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، قانماس-تويماس ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتقاندا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادە ۋە تاللىشىدىن خالىي خۇسۇسىيەتلەردۇر. لېكىن شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئىنساننىڭ بۇ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا قانداق ۋاستىنى، ھالال ياكى ھارامنى تاللىشى ئۆز ئىلكىدىدۇر.

بىرەر ئادەمنىڭ ئېگىز يەردىن چۈشۈپ كېتىپ باشقا بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ئۇۋ ئۇۋلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ خاتا كېتىپ بىرەرىگە تېگىپ ئۇنى يارىدار قىلىشى ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدەك تاسادىپىيلىقلار ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە تاللاش ئىختىيارى بولمىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن قەزادۇر. ئىنساننىڭ قەزا ۋە قەدەرگە چەكسىز ئىمان ئېيتىشى، ئۇنىڭغا رازى بولۇشى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ خاھىشى، ھېكمىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مانا مۇشۇ مەنىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن.

**"ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 2-ئايەت}؛ **"بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز"** {سۈرە «ۋاقىئە» (56-سۈرە)، 60-، 61-ئايەتلەر}؛ **"لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)** " {سۈرە «ئەنفال» (8-سۈرە)، 42-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا بەندىسىگە بىرەر يەردە ئۆلۈشنى پۈتكەن بولسا، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن شۇ يەرگە بېرىشقا ئېھتىياج تۇغدۇرىدۇ".

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىرىنچى دائىرىدىكى بۇ ئىشلار ئۈچۈن بەندىدىن ھېساب ئالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئىشلارنى بىلىشكە، تاللىۋېلىشقا، ئەگەر ياخشىلىق بولسا قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىق بولسا ئۇنى دەفئى قىلىشقا قادىر ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسىبەت يەتكەن ئادەم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "ھەرگىز **ئەگەر** ھېلىقىدەك قىلغان بولسام ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى ئەمەسمۇ دېمىگىن، بەلكى ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق بولۇشنى پۈتۈپتىكەن، تەقدىر قىلغان ئىش بولدى دېگىن، **ئەگەر** دېگەن سۆز كىشىنى شەيتاننىڭ يولىغا باشلايدۇ".

مانا بۇ بىرىنچى دائىرە ھەققىدىكى ساغلام ئەقىدە قەدەرىيەلەرنىڭ تەقدىرنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان، ئىنساننىڭ ئىختىيارىنى تېگىشلىك بولمىغان دەرىجىدە كۆپتۈرۈۋېتىدىغان خاتا كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئىمام جەفەر سادىق قەدەرىيە پىرقىسىدىن بولغان بىر

www.uyghurkitap.com

ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇل مۇسلىم» كىتابىنىڭ ''ئىمان'' بابىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئەرابى سىياقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلام، ئىمان، ئېھسان توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: **''ئىمان دېگەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشكە، مەيلى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولسۇن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئىمان ئېيتىشتۇر''.**

ئىككىنچى تۈرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلى بىلەن پۈتكەن تەقدىر ۋە ئۇنىڭ پۈتۈلگەندەك ئىشقا ئېشىشى بايان قىلىنغان ھەدىسلەر. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ئۆزلىرىنىڭ سۈنەنىدە ۋە ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلىدۇكى: ''ساھابە ئۇبادە ئىبنى سابىت ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئوغلۇم ئاللاھدىن قورق، بىلگىنكى تاكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغۇچە، مەيلى ياخشىلىق-يامانلىق بولسۇن، ئاللاھ پۈتكەن تەقدىر بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھدىن قورققان بولمايسەن، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولاتتىڭ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: **ئاللاھ تائالا ئەڭ دەسلەپ قەلەمنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا: 'يازغىن' دېدى، قەلەم: 'نېمىنى يازىمەن' دېگەندى، ئۇنىڭغا: 'تەقدىرنى يازغىن' دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى پۈتتى''.**

ئىمام غەززالى قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''**قەدەر** ئۇمۇمىي مەنىدە، **قەزا** بولسا خاس مەنىدىدۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلاردا ياراتقان سەۋەبلەر **قەدەر**دۇر. خۇددى ئوت يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە كۆيدۈرۈشنىڭ سەۋەبى بولغىنىدەك، ئۇ سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان نەتىجە **قەزا**دۇر، ئەگەر سەۋەبلەر ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ماس كېلىپ، نەتىجە يۈنىلىشكە قاراپ ماڭسا، بۇ **قەدەر** دائىرىسىدىدۇر. بۇ ئۇچرىششتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە **قەزا**دۇر''. بەزىلەر بۇ ھەقتە باشقىچە كۆزقاراشتا ئىگە بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرى غەززالىنىڭ پىكرىنى كۆپرەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

## تەقدىر بىلەن ھۆرلۈك ئارىسىدىكى ئىنسان

ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىغا نەزەر سالساق، پەقەت فىزىلوگىيىلىك ئۆسۈش خۇسۇسىيىتى بولغان ئۆسۈملۈكلەردىن، ھېس ۋە ھەرىكەتكە ئىگە ھايۋانلاردىن يۈكسەك ئەقىل ئىدراك، مۇرەككەپ تەپەككۇر بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ئالىي ئورنىمىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكۈر ئېيتىمىز. ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئاللاھ تائالا پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بىلەن ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى ئارىسىدىكى ئەقىل-ئىدراكلىق ئىنساننىڭ ھاياتىنى بىر-بىرىگە مۇناسىپ مۇنداق ئىككى دائىرە بويىچە چۈشەنگەچكە، چوڭقۇر ئىمان ۋە ساغلام ئەقىدە بىلەن كېيىنكىلەرگە ئۈرنەك بولغىدەك توغرا مەسىلەكنى بەرپا قىلالىغان. بۇ ئۇلارنىڭ قەزا ۋە قەدەرنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئىستىلاھ مەنىسى، شەرىئەتنىڭ ئەسلى روھى بويىچە چۈشەنگەن ۋە ئىزاھلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىرىنچى دائىرە. ئاللاھنىڭ ئىرادە خاھىشى بىلەن پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بويىچە يۈز بېرىدىغان، ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە ئىختىيارى تاللىشى بولمىغان ئىشلاردۇر. بۇ دائىرىدە ئىنساندا ھېچقانداق شەخسىي ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا پۈتكەن تەقدىر، بېكىتكەن قانۇنىيەتلەرگە تولۇق بويسۇنغۇچى ئورۇندا بولىدۇ. بۇ ھەممىنى يوقتىن بار قىلغان، ئۆز ئىرادە قۇدرىتى بىلەن ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم، قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكۈچى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئەزىمىتى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتىدۇر.

ئىنسان ھاياتقا ئۆز ئىرادىسىسىز، ئىختىيارسىز كەلگىنىدەك، بۇ دۇنيادىن ئۆز خاھىشىسىز كېتىدۇ. ئىنساننىڭ قاچان، قايسى يۇرتتا دۇنياغا كېلىشى، جىنسىنىڭ ئەر ياكى ئايال، شەكىل جەھەتتىن ئىگىز ياكى پاكار، ئاق ياكى قارا، سەت ياكى چىرايلىق بولۇشى، قانداق مىجەز خاراكتېر بىلەن تۇغۇلۇشى، قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشى، ھاياتتىكى رىزقى قاتارلىقلار پەرۋەردىگارىنىڭ پۈتكەن قەزا ۋە قەدەرى بويىچە بولۇپ، بۇ جەھەتلەردە ئىنساندا ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ. قورسىقى ئاچسا يېيىش، ئۇسسا ئىچىش، ئۈگدەك باسسا ئۇخلاش، چارچىسا ئارام ئېلىشتەك فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولۇش، مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، قانماس-تۈگىمەس ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتقاندا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادە ۋە تاللىشىدىن خالىي خۇسۇسىيەتلەردۇر. لېكىن شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئىنساننىڭ بۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشتا قانداق ۋاستىنى، ھالال ياكى ھارامنى تاللىشى ئۆز ئىلكىدىدۇر.

بىرەر ئادەمنىڭ ئىگىز يەردىن چۈشۈپ كېتىپ باشقا بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ئوۋ ئوۋلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ خاتا كېتىپ بىرەرىگە تېگىپ ئۇنى يارىدار قىلىشى ياكى ئۆلتۈرۈپ قويىشىدەك تاسادىپىيلىقلار ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە تاللاش ئىختىيارى بولمىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن قەزادۇر. ئىنساننىڭ قەزا ۋە قەدەرگە چەكسىز ئىمان ئېيتىشى، ئۇنىڭغا رازى بولۇشى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ خاھىشى، ھېكمىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مانا مۇشۇ مەنىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن.

**"ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 2-ئايەت}؛ **"بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز"** {سۈرە «ۋاقىئە» (56-سۈرە)، 60-، 61-ئايەتلەر}؛ **"لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)"** {سۈرە «ئەنفال» (8-سۈرە)، 42-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا بەندىسىگە بىرەر يەردە ئۆلۈشنى پۈتكەن بولسا، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن شۇ يەرگە بېرىشقا ئېھتىياج تۇغدۇرىدۇ".

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىرىنچى دائىرىدىكى بۇ ئىشلار ئۈچۈن بەندىدىن ھېساب ئالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئىشلارنى بىلىشكە، تاللىۋېلىشقا، ئەگەر ياخشىلىق بولسا قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىق بولسا ئۇنى دەفئى قىلىشقا قادىر ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسىبەت يەتكەن ئادەم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "ھەرگىز **ئەگەر** ھېلىقىدەك قىلغان بولسام ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى ئەمەسمۇ دېمىگىن، بەلكى ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق بولۇشنى پۈتۈپتىكەن، تەقدىر قىلغان ئىش بولدى دېگىن، **ئەگەر** دېگەن سۆز كىشىنى شەيتاننىڭ يولىغا باشلايدۇ".

مانا بۇ بىرىنچى دائىرە ھەققىدىكى ساغلام ئەقىدە قەدەرىيەلەرنىڭ تەقدىرنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان، ئىنساننىڭ ئىختىيارىنى تېگىشلىك بولمىغان دەرىجىدە كۆپتۈرۈۋېتىدىغان خاتا كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئىمام جەفەر سادىق قەدەرىيە پىرقىسىدىن بولغان بىر

www.uyghurkitap.com

كىشىگە: "سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇپ باققىن" دېدى. ئۇ كىشى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ **"(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز"** ئايىتىغا كەلگەندە، ئىمام جەفەر ئۇنىڭغا: "سېنىڭچە بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى تەرىپىدىن بولىدىغان، تەقدىرگە، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە مەرھەمەتلەرگە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا كەلگەن ۋە تاماملانغان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئاللاھتىن ياردەم تىلەيسەن؟" دېگەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قەدەرىيەلەرنىڭ كۆزقارىشىدىن بۇرۇلۇپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ ھەق يولغا قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ھەر بىر بەندىگە پەرز قىلىنغان. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشنىڭ ئېسىل ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **"ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىسىگە پۈتكەن تەقدىرىدىن ھەيرانمەن، ئەگەر ئۇ بەندىگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ ۋە شۈكۈر قىلىدۇ، ئەگەر بىرەر مۇسىبەت يەتسە پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ، مۆمىن بەندە ھەممە ئىشلىرىدا مۇشۇنداق ئەجرگە ئېرىشكۈچىدۇر".**

ئىككىنچى دائىرە. ئىنساننىڭ ئىرادە، ئەركىنلىك ۋە ئىختىيارلىقىدىكى ئەمەللىرى بولۇپ، ئىنسان ئۆز خاھىشى بويىچە ئاللاھ بۇيرۇغان ھىدايەت يولىنى ياكى ئاگاھلاندۇرغان گۇمراھلىق يولىنى تاللىۋالىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە قاراتاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى، ھېكمىتى شۇكى، ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن قايسى يولنى تاللىشى، ئۇنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن ياكى گۇمراھلىقتا قالغۇچىلاردىن بولۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىدە مەلۇملۇق، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەزمۇندا سۈرە «ئەنئام»دا مۇنداق دەيدۇ:

**"غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقنى ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر"** {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 59-ئايەت}.

**"ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 255-ئايەت}.

**"سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر"** {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 61-ئايەت}.

ئىنساننى ئەقىل- ئىدراك ۋە تەپەككۇر بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادە ئىختىيارى بىلەن قىلغان بارلىق ئەمەللىرىگە، سۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇشىنى ۋە شۇنىڭغا لايىق مۇكاپاتلىنىدىغان ياكى جازالىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى نازىل قىلىپ، ھەق يولنى بايان قىلىپ، ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن ۋە ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن ئىنساننىڭ قايسى يولنى تاللىشى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلىپ، ئىنسانغا تەقدىر قىلىپ پۈتۈپ قويغان. ئىمام ئۆمەر نەسەفى «العقائد النسفية» (ئەقائىدۇ نەسەفىيە) كىتابىدا بۇ نۇقتىنى

تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"بەندىلەرنىڭ ئىختىيارى ئەمەللىرى بولۇپ، ئەگەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولسا ساۋاب تاپىدۇ، ئاسىيلىق قىلىش بولسا جازالىنىدۇ. جەبەرىيەلەرنىڭ: ‹بەندىدە ھېچقانداق قۇدرەت ئىختىيار، مەقسەت يوق، بەندىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ھېچقانداق رولى، قىممىتى يوق بولۇپ، جانسىز شەيئىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ،› دېيىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئىنساننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى بىلەن تىترەش ھەرىكىتىنىڭ پەرقى ئېنىق، ئالدىنقىسى ئىنساننىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارى بىلەن مەقسەتلىك قىلىنغان بولسا، تىترەش ئىنساننىڭ ئىختىيارسىز يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بەندىدە ئىختىيار ۋە تاللاش ئەركىنلىكى يوق دېيىلسە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە يۈكلىگەن بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، چەكلىگەنلىرىدىن ساقلىنىشتەك تەكلىپىنىڭ ۋە شۇ ئاساستا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازانىڭ ھېچقانداق مەنىسى ۋە ھېكمىتى بولمايدۇ". بۇنداق بولۇشى ئاللاھنىڭ: **"ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ(يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش)دەپ ئويلامدۇ"؟** دېگەن ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئادەمنى يارىتىشتىكى ھېكمىتى ۋە مەقسىتىگە نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەستۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككىنچى دائىرىنى تەكىتلەپ نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن:

**"يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ(ئىش)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر"** {سۈرە «ھەدىد»(57-سۈرە) 22-ئايەت}؛ **"بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا(يېزىلغان)، بۇ(يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان"** {سۈرە«ھەج»(22-سۈرە)، 70-ئايەت}؛ **"(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (خالىغان)ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى(ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ"** {سۈرە «تەۋبە»(9-سۈرە)، 105-ئايەت}؛ **"ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى(ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ"** {سۈرە «نەجم»(53-سۈرە)، 32-ئايەت}؛ **"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەر ئۈچۈن ھامىي ئەمەسمەن"** {سۈرە«يۇنۇس»(10-سۈرە)، 108-ئايەت}؛ **"بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان(ئىش)قىلا تەكلىپ قىلىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب(يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامەئى ئەمەل) بار، ئۇلارغا ساۋابنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ"** {سۈرە«مۆئمىنۇن»(23-سۈرە)، 62-ئايەت}؛ **"(ئۇنىڭغا) (خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ يەنى (كۇفرىڭ ۋە گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر، (دېيىلىدۇ)"** {سۈرە «ھەج»(22-سۈرە)، 10-ئايەت}.

ئىنساننىڭ ھەق يولنى پەرق ئېتىشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، گۇناھتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىختىيار ئاتا قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بەندىنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر.

نۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

بەندە بولسا الفاعل (قىلغۇچى) ياكى كەسىپ قىلغۇچى يەنى قولغا كەلتۈرگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ يارىتىشىسىز ۋە مۇۋەپپەق قىلىشىسىز يالغۇز قول سېلىپ ئىشلەش بىلەن بەندىنىڭ ئىش ئەمەللىرى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ مەزمۇندا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى «فىقھۇل ئەكبەر» (بۈيۈك فىقھى)دا مۇنداق دەيدۇ. "بەندىلەردىن سادىر بولغان ئىش ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى رەۋىشتە قىلغان ئىشلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بولسا شۇ ئىش ئەمەللەرنى ياراتقۇچىدۇر. ئىش- ھەرىكەتلەر ئاللاھنىڭ ئىلمى، خاھىشى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئىمان ۋە ئىتائەت قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ئىلمى، خاھىشى، ئەمرى، ياقتۇرۇشى، رازىلىقى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئەمما كۇفرى ۋە ئاسىيلىق قىلىش بولسا ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى، رازىلىقى ۋە ياقتۇرۇشى بىلەن بولمايدۇ، ئۇ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە تەقدىرى دائىرىسىدىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ كۇفرىلىق قىلىشىغا ھەرگىز رازى بولمايدۇ". ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ئۆز سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېگەن: **"سىلەر ئانائىڭلارنىڭ قورسىقىدا يارىلىپ 40 كۈنگىچە ئابى مەنى ھالىتىدە تۇرىسىلەر، ئاندىن كېيىن پارچە گۆش ھالىتىگە كىرىسىلەر، ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ روھنى پۈۋلەيدۇ ۋە بەندىنىڭ رىزقى، ئەجىلى، ئىش-ئەمىلى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز شەقى ئىكەنلىكىدەك تۆت نەرسىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان بىر ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمىلىنى قىلىپ، جەننەت بىلەن ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە دوزىخى بەندە بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخ بىلەن ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە جەننىتى بەندە بولۇپ كېتىدۇ".** بۇ ھەدىس ئۆلىمالار بىردەك ئېتىراپ قىلغان، دەرىجە جەھەتتىن ئەڭ توغرا سەھىھ ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئىنساننىڭ يارىتىلغان چېغىدىلا ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ھىدايەت ياكى زالالەت يولىنى تاللىشى ئاللاھ تائالاغا ئالدىنئالا مەلۇملىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يەنى ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى قىلغان ئىنساننىڭ ئاخىرىدا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، ئاقىۋەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى، ئۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن ئالدىنئالا بىلىپ، شۇنى تەقدىر قىلىپ ئىنسانغا پۈتۈپ قويىدۇ. ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر چۈشىنىۋالغاندەك: "تەقدىرى پۈتۈلۈپ بولغان بۇ ئىنسان مەيلى ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، بەرىبىر پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە دوزاخقا كىرىشكە مەجبۇر" دېگەن خاتا مەنىنى ئەمەس، بەلكى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش بولسۇن ھەممىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىسىدە يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ گويا رېئاللىقنىڭ قېلىپىدەك دەلمۇ-دەل چۈشىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە «يۇنۇس»تىكى مۇنۇ سۆزىنىڭ بۇ مەزمۇننى تەكىتلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز: **"سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر"** {سۈرە «يۇنۇس»(10-سۈرە)، 61-ئايەت}.

ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىككىنچى

دائىرىسىنى ئىنكار قىلغۇچى جەبەرىيىلەر بەزى قۇرئان ئايەتلىرىگە ئۆز كۆزقاراشلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان مەنىلەرنى بېرىپ شەرھلىگەنىدى. ھەقىقەت دېگەن ئۇنى سۆزلەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارشىسىدىكىلەرگە رەددىيە بېرىش بىلەن تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. تۆۋەندە ئاشۇ بىر قىسىم ئايەتلەرنى قۇرئان، ھەدىس ۋە شەرىئەتنىڭ ئەسلى مەقسىتى، روھى بويىچە شەرھلىگەن ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ نوپۇزلۇق تەپسىر كىتابلىرىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى.

ئاللاھ تائالا سۈرە «ئەھزاب»تا مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر"** {سۈرە «ئەھزاب»(33-سۈرە)، 38-ئايەت}. بەزىلەر بۇ ئايەتنى ئىنساننىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئىمام تەبەرى بۇ خىل قاراشقا رەددىيە بېرىپ ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"بۇ ئايەت ئىبنى زەيد ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىلمى ئەزەلىسى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتى بىلەن مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، خاھىشى، تاللىشى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر، مانا بۇ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا سىر بولغان ئىلمى غەيبتۇر. ئاللاھ تائالا مەجبۇرلاش بىلەن ئەمەس، ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادە خاھىشى بىلەن قايسى يولنى تاللىشىنى ئالدىنئالا بىلگۈچىدۇر، بەندىلەرنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى پۈتكەندەك، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى، ھىدايەت تېپىشى ياكى زالالەتتە قېلىشىنى ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن بىلىپ لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتكۈچىدۇر. ئىنساننىڭ ئەمەللىرىدە مەجبۇرلىنىش ئەمەس، ئۆز ئىختىيار خاھىشى ئەكس ئەتكەچكە، ئاللاھنىڭ ئىتائەت قىلغۇچىغا جەننەت بىلەن مۇكاپات، ئاسىيلىق قىلغۇچىغا دوزاخ بىلەن جازا بەرگەنلىكى ئادالەتلىكتۇر".

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «فىقھۇل ئەكبەر» كىتابىدىكى مۇنۇ سۆزلىرى يۇقىرىقى نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ: "ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇۋۋەتنى گۇناھ يوللىرىغا ئىشلەتكەن بەندە شۇ كۈچ-قۇۋۋەتنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئىشلىتىشكىمۇ قادىردۇر. بەندە ئاللاھ ئاتا قىلغان ۋە تائەت-ئىبادەتكە سەرپ قىلىشقا ئەمر قىلغان كۈچ-قۇۋۋەتنى گۇناھ، ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالانغۇچىدۇر". ئاللاھ تائالا سۈرە «تەكۋىر»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)"** {سۈرە «تەكۋىر»(81-سۈرە)، 29-ئايەت}.

جەبەرىيىلەر بۇ ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنساننىڭ ئىختىيار، خاھىشقا ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى قىلىپ چۈشەندۈرگەن ئىدى. ئەمما بۇ ئايەتنى ئوبدانراق ئوقۇپ باقساقلا:

**"سىلەردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر"** ئايىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا خالاش ئىختىيارىنى مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ۋە كەيىندىنلا بۇ ئىختىيارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى دائىرىسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە تەقدىر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. جامىئۇل ئەزھەرنىڭ سابىق شەيخى ئىمام مەراغى «تەپسىرى مەراغى»دا بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "يەنى قۇرئان ھەق يولنى تېپىشنى خالىغان ئادەمنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى ئۈچۈن زىكىردۇر، پەندى-نەسىھەتتۇر. ئەمما ھەقتىن يۈز ئۆرىگەن، گۇمراھلىقنى تاللىغان ئادەمگە قۇرئان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا مەجبۇرىيەتلەرگە تەكلىپ قىلغان ئىنسانغا ئۇنىڭ ھەق يولنى تېپىشى ئۈچۈن ئىختىيار قىلىش ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەرنىڭ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىشىڭلار پەقەت

ئاللاھ تائالا ۋۇجۇدۇڭلاردا ياراتقان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىرادە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ئىرادە ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى ئاتا قىلمىسا، سىلەرگە تاللاش ئىختىيارلىقى نەدىن كەلسۇن''.

شۇڭا ئاللاھ تائالا سۈرە «كەھف»تە ئىنسانغا خالاش ئىختىيارىنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"(ئى مۇھەممەد) ‹(بۇ) ھەق(قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن› دېگىن "{سۈرە «كەھف» (18-سۈرە)، 29-ئايەت}.

ئاللاھ تائالا سۈرە «ئەنفال»دا مۇنداق دەيدۇ: "(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگۈنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد، بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى"{سۈرە«ئەنفال»(8-سۈرە)، 17-ئايەت}.

ئەھلى سۈننە تەپسىرشۇناسلىرىدىن بولغان ئىمام بەغەۋى بۇ ئايەتنىڭ تەفسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ''مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى سۆزلەپ: مۆمىنلەر بەدر غازىتىدىن يانغاندا مەن پالانىنى ئۆلتۈردۈم، مەن پۇستانىنى ئۆلتۈردۈم دەپ كۆز-كۆز قىلىشقاندا بۇ ئايەت نازىل قىلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى: سىلەر ئۆز كۈچىڭلار بىلەن مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرگە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەلىبە سەۋەبلىرىنى بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈردى''.

ئىمام شەۋكانى ئۆز تەفسىرىدە بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''يەنى ئاللاھنىڭ سىلەرگە كۆرۈنمەس پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ، ۋەھىمە سالغانلىقىنى بىلىڭلار، ئۇلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن غەلىبە سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلتۈردۈڭلار''.

بۇ ئايەت قەدەرىيەلەرنىڭ بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى ياراتقۇچىدۇر دېگەن كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ بولسا ئىنساننىڭ بارلىق ئىختىيارى ئەمەللىرىنىڭ مەلۇم مەقسەتكە يېتىشتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىسىز، ئۇلارغا شۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشىسىز ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىق ئومۇمىي قانۇنىيىتىدۇر. ئىنسان ئۇرۇق سېلىپ يەر تېرىيدۇ، لېكىن يامغۇر يېغىش بىلەن يەرنىڭ سۇغۇرۇلۇشى، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھوسۇل بېرىشى بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ.

تەقدىر مەسىلىسىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى دائىرە بويىچە چۈشىنىش بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىر ئەقىدىسى بايان قىلىنغان ھەدىسلىرىنى يۈزەكى ھالدا ئەمەس، ھەدىسنىڭ ئەسلى ئېيتماقچى بولغان مەقسىتى بىلەن توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇزەينەدىن ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: ''ئى رەسۇلۇللاھ، كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ جاپا تارتىپ قىلىۋاتقان ئىش ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ پۈتۈلۈپ بولغان ئىشلار ئۈچۈن چېپىپ يۈرىشەمدۇ ياكى كەلگۈسىدە يۈز بەرمەكچى بولغان ئىشلار ئۈچۈنمۇ؟'' دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام''بەلكى **ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈندۇر، ئاللاھ تائالا** نازىل قىلغان مۇنۇ ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر: **‹روھ بىلەن ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم**

**مۇرادىغا يېتىدۇ،**"{سۈرە «شەمس»(91-سۈرە)، 7-،8-،9-ئايەتلەر} دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز جاۋابىدا سوئال سورىغۇچىلارغا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن: بىرىنچى نۇقتىدا، تەقدىرنىڭ مۇقىم پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، ئىككىنچى نۇقتىدا، كىشىلەرنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئالدىنئالا مەلۇملۇق ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنساننى ياراتقاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى، ئۆز ئىختىيار خاھىشى بىلەن تاللىغان يولدا مېڭىپ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ ھېكمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان ئايەتتە بولسا ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە ئىتائەت يولىنى كۆرسىتىپ، شۇنىڭدا مېڭىشقا بۇيرۇغانلىقى، يامانلىق گۇمراھلىق يولىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن چەكلىگەنلىكى، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ ھەربىر ئىنساننىڭ قايسى يولنى تاللىشىنى شۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن بىلىپ پۈتۈپ قويىدىغان ئادىل ھۆكمى بىلەن تەقۋادارلىق يولىدا ماڭغۇچىنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان، گۇناھ، گۇمراھلىق يولىنى تاللىغۇچىنى جازالايدىغان تەقدىرىنى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن مەزمۇنلۇق بايان قىلىنغان. كىمنىڭ تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆزىنى پاكلايدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى پۈتۈلگەن، كىمنىڭ گۇناھ ۋە ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزىنى بۇلغايدىغانلىقى ئۆزگىچە مەلۇملۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى پۈتۈلگەن. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئۆز سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: "سىلەرنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتتە ياكى دوزاختا بولىشىڭلار نامە-ئەمەل كىتابىڭلارغا يېزىلىپ بولغاندۇر" دېدى. ساھابىلەر: "ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنداق بولسا يېزىلغان نامە-ئەمەلىمىزگە ئاساسلىنىپ، ئىشلىمەي يۈرۈۋەرسەك بولمامدۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق، ئىشلەڭلار، ھەربىر بەندىگە تەقدىر قىلىپ پۈتۈلگەن يولى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كىمكى سائادەتمەن جەننەت ئەھلىدىن بولىدىكەن، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، كىمكى بەختسىز شەقى بولىدىكەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى قىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ" دېدى. ئاندىن كېيىن "**(پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز**"{سۈرە «لەيل» (92-سۈرە)، 5—10-ئايەتلەر} ئايىتىنى ئوقۇدى.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بەندىلەرنىڭ سائادەتمەن ياكى بەختسىز شەقى بولۇشى پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئىش-ئەمەلنىڭ نېمە ھاجىتى، ھېچ ئىش قىلمىساقمۇ ھەر بىرىمىز ئۆز پېشانىمىزغا پۈتۈلگىنىنى كۆرمەيمىزمۇ، دەپ خاتا چۈشەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىنساننىڭ ئىبادەت قىلىش، ئىشلەش، ئىجتىھات قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، كىمكى جەننەت ئەھلىدىن بولۇش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىپ ئىشلىسە، ئاللاھنىڭ ئۇ يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاللاھنى، قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇغان كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيار خاھىشى بىلەن ھېچقانداق مەجبۇرلانمىغان ھالدا ئاسىيلىق يولىنى تاللايدىغانلىقىنى، ئالدىنقى كىشىنىڭ تائەت-ئىبادەت يولىنى تاللايدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولۇپ، ئۇ كىشىگە بۇ يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ

بېرىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى كىشىنىڭ ئاسىيلىق قىلىش يولىنى تاللىشى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولۇپ، بۇمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايىتىنى بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئىمام ئەلى ئىبنى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر كىشى تەقدىر توغرىلىق ئۆزىنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى بايان قىلىپ سوئال سورىغاندا، ئەلى ئىبنى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: " ۋاي ساڭا، ئەگەر سەن قەزا ۋە قەدەرنى كىشىنىڭ ئىختىيار خاھىشى بولمىغان مەجبۇرلاش دەپ چۈشەنگەن بولساڭ، مۆمىنلەرگە بېرىلىدىغان ساۋاب، ئاسىيلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ھېچقانداق ھېكمىتى ۋە مەنىسى بولمىغان بولاتتى" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ داۋۇت «سۈنەنى ئەبۇ داۋۇت» كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى دەيلەمى مۇنداق دېگەن: "مەن ئۆمەر ئىبنى كەئبنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆڭلۈمدە تەقدىر ھەققىدە ئازراق مۇجمەللىك بار، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھنىڭ كۆڭلۈمدىكى مۇجمەللىكنى تۈگىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئەگەر ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى ئازابلاشنى خالىسا، خالىغىنىنى قىلغان ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى بولمىغان بولاتتى، ئەگەر رەھىم قىلىشنى خالىسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇلارغا جىمى ياخشى ئەمەللىرىدىنمۇ سۈيۈملۈكتۇر. ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلساڭمۇ تاكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ. پېشانەڭگە پۈتۈلگەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئاللاھ ساڭا ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىر ئۇقى ھەر قانچە قىلساڭمۇ ساڭا تەگمەيدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولساڭ، دوزاخقا كىرەتتىڭ›. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بېرىپ سورىدىم، ئوخشاش جاۋابنى بەردى. ئاندىن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانغا كېلىپ سورىسام ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئاندىن زەيد ئىبنى سابىتقا كەلسەم ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى". ئىمام تىرمىزى «سۈننەنى تىرمىزى»دا رىۋايەت قىلىدۇكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بەندە مەيلى ياخشىلىق ياكى يامانلىق بولسۇن، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغىنىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىشتىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىغا، ئاللاھ ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىر ئوقىنىڭ ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەگمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ". بۇ مەنىدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بار: "بىلگىنكى، ئەگەر پۈتۈن خەلق ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانسىمۇ، ئاللاھ تەقدىرىگەدە پۈتكەن پايدىدىن باشقىسى تەگمەيدۇ، ناۋادا پۈتۈن خەلق ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرلەشسىمۇ، ئاللاھ پېشانەڭگە پۈتكەندىن باشقىنى قىلىشقا قادىر ئەمەسسەن، ئىنسانىنىڭ نامە-ئەمەل كىتابى ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ، يېپىلىپ بولدى". بۇ ھەدىسلەر بەزىلەر چۈشىنىۋالغاندەك مەجبۇرلاش مەنىسىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئىختىيارى ھالدا قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇلارنى ئالدىن تەقدىر قىلىپ ئىنسانغا پۈتۈپ قويغانلىقىنى بۇ ھەدىسلەردىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالىمىز.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى*

دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق

## ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىيلىق مەسلىسى

بىرىنچى، ئىسلام دىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇققا قانداق قارايدۇ؟

1. ئىسلام دىنى كىشىلىك ھوقۇقنى بىرىنچى بولۇپ تەشەببۇس قىلغان دىن، ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بارلىق ئۆلىما-ئالىملار. كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئېتىقادى، كۆزقارىشى، مال-مۈلكى ۋە ئائىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام تارىخنامىلىرىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى تەرۇز قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئۇلارنى ئانىسى ھۆر ئادەم قىلىپ تۇغسا، سىلەر نېمە دەپ ئۇلارنى قۇل قىلىۋالىسىلەر؟".

2. ئىسلام دىنىدا كىشىلىك ھوقۇق ئىككى ئاساسي پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان:

(1) ھەممە ئىنسان بىردەك باراۋەر.

(2) ھەر بىر ئادەم ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا باراۋەرلىك ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، يەنى ھەممە ئىنسان بىر مەنبەدىن پەيدا بولغان؛ ھەممە ئادەمگە كىشىلىك قەدىر-قىممەت ئاتا قىلىنغان. باراۋەرلىكنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ قېرىنداشلىقىغا كەلسەك، ئىسلام دىنىدا مۇنداق قارىلىدۇ: ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى بىر مەنبەدىن ئاپىرىدە قىلدى. شۇڭا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئوخشاش بىر چوڭ ئائىلىدىكى قېرىنداشلاردىن ئىبارەت، ئۇلار ئېسىل-پەس، باي-كەمبەغەل دەپ ئايرىلمايدۇ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقى ۋە ماھىيىتىدىكى بىرلىككە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بۇ خىل پەرق ئۇلارنى ئۆزئارا يېقىنلىششقا ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ھەمكارلىششقا ئۈندەيدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13- ئايەت}.

باراۋەرلىكنىڭ ئىككىنچى ئاساسى، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەت بولۇپ، بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: **"شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق"** {سۈرە «بەنى

*باش قىسمى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com

ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 70- ئايەت} دېيىلگەن.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى زېمىندىكى خەلىپىسى (ۋەكىلى) قىلىپ، بارلىق پەرىشتىلەرنى ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ھەمدە ئىنساننى بۇ ئالەمنىڭ خوجايىنى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئاللاھ تائالا يەنە ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ خىل ئىمتىياز ئۇنى ئېتىبارغا ئىگە قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئادەمنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ئېكرامنى بارلىق ئىنسانىيەتكە پەرقلەندۈرمەستىن تەڭ باراۋەر ئاتا قىلغان، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، كەمبەغەل بىلەن باي، ھاكىمدار بىلەن ئاۋام خەلق قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەردۇر.

ئىسلام دىنىدا كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى ئەركىنلىكدۇر. ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتتى ھەم ئۇنى زېمىندا تۇرىدىغان شۇنداقلا مەدەنىيەت يارىتىدىغان قىلدى. تەبىئىيكى، مەسئۇلىيەت ھەرگىز ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسىدىكى ئىختىيارلىقمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ، بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: "**خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن**"{ سۈرە «كەھف» (18-سۈرە)، 29-ئايەت} دېيىلگەن.

3. ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈم قىلىش خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە: "**ئاللاھ سىلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ**"{سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 58-ئايەت} دېيىلگەندەك، ئادىللىق، كېڭىشىش ئاساسىدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ئادىل ۋە مېھرى-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ ھەقىقەتەن(كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ**" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 90-ئايەت}. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان يەنە باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

كېڭىشىشكە كەلسەك، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى ئاساسلىق شۇنداقلا چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ. ئاللاھدىن ۋەھيى كەلمىگەن ئەھۋالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەيلى نېمىلا ئىشقا دۇچ كەلمىسۇن، ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي پىكرى باشقىچە بولغان ھالەتتىمۇ، زور كۆپ ساندىكىلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلغان، ئۇھۇد غازىتى مانا بۇنىڭ بىر مىسالى. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مۇسۇلمانلار ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك كېرەك،" دەپ قارايدۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرى يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، نەتىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم»دە يەنىلا كېڭىشىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ: "**ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن)، بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 159-ئايەت}.

شۇڭا بىز ئاز بىر قىسىم فەقىھلەر (فىقھە ئىلمىدىكى ئۆلىمالار)نىڭ كۆزقارىشى بويىچە خاتا ھالدا "چوقۇم كېڭىشىش شەرت ئەمەس" دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم، بۇ خىل قاراش «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نىڭ روھىغا مۇخالىپتۇر. كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قارارىنى كېڭىشىشنىڭ پىكىر ئۆلچىمى قىلىدۇ. مۇبادا بىر مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن، كېڭىشىشنى زامانىۋى دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك

قوللىنىلىۋاتقان تۈزۈمگە ماسلاشتۇرۇش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا، ئىسلام دىنى بۇنداق ئۇسۇلغا قارشى تۇرمايدۇ. مانا بۇ ھەر بىر دەۋردىكى كونكرېت مۇھىتنى دۆلەت ۋە خەلقئارالىق يۈكسەكلىكتە كۆرۈپ ئويلىنىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئىسلام دىنى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، كېڭىشىش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشقا دىققەت قىلىدۇ، مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندە دېيىلىۋاتقان دېموكراتىيەدۇر.

4. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ كۆپ خىل كۆزقاراشلاردا بولۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، ھەمدە ئىجتىھاد قىلغۇچىلار (ئۆز كۆزقاراشلىرىدا ئىلمىي جەھەتتىن خاسلىق بولغان كىشىلەر)دە ئىجتىھاد قىلىش شەرتى ھازىرلا بولسا، ھەتتا ئۇلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەردىمۇ ئىجتىھاد قىلىشىغا يول قويىدۇ. ئىسلام دىنىدا، مەسىلىلەرنى ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ خاتالاشقانلارغا، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىلمىي ئەمگىكى ئۈچۈن بىر دەرىجە ساۋاب بېرىلىدۇ، توغرا ھەل قىلغانلارغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. تونۇشلۇق ئىسلام فىقھە مەزھەپلىرى ۋە فەقىھلىرى فىقھىي تەتقىقاتى جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداق بولسىمۇ، ھېچ بىر كىشى كۆپ خىل كۆزقاراشلارنىڭ بولۇشى ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغان دېگەن ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھەر بىر فىقھە مەزھىپىدىكى فەقىھلەر ئۆز نىشانلىرىدا جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى، ئامانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى كۆزلىگەنلا بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىپادىلىشىگە ئىسلام دىنى يول قويىدۇ.

ئىككىنچى، ئىسلام دىنى سەنئەتكە قانداق قارايدۇ؟

1. ئىسلام دىنى گۈزەللىكنى سۆيىدىغان دىن، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىپادىسى ھەر قايسى تەرەپلەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ تائالا كامالەتكە يەتكەن گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى سۆيگۈچىدۇر" دەيدۇ، ئەمما ئىسلام دىنى ئەخلاقنى گۈزەللىكنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، لېكىن بۇ ئىسلام دىنىنىڭ سەنئەتكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىسلام دىنى: گۈزەللىك ئەخلاقتا بېقىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەر خىل سەنئەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى. ئىسلام دىنى تۈرلۈك سەنئەتلەرگە ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىغا ھۆكۈم قىلىشتا " توغرا بولغىنى ياخشى، ئەسكى بولغىنى خاتادۇر " دېگەن ئۆلچەمنى قوللىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرمۇ بىزنىڭ بۇ كائىناتنىڭ كامالەتكە يەتكەن گۈزەللىكىگە دىققىتىمىزنى تاشلىشىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، سۈرە «ھىجىر»، 10-ئايەت؛ سۈرە «نەھل»، 6-ئايەت؛ سۈرە «فۇسسىلەت»، 12-ئايەت). شۇڭا ئىسلام دىنى پەقەت گۈزەل بولسىلا ھەر قانداق سەنئەت ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى كەمسىتمەيدۇ، ئەمما ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قەبىھ نەرسىلەر كۆرۈنسە، ئۇ ھالدا ئىسلام دىنى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە چەكلەيدۇ.

2. ھەر قانداق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئېچىش ۋە گۈزەل ھېسسىياتىنى قوزغاش ئۈچۈن بولسا، ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ، لېكىن، ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ تېنىنى غىدىقلىسا، رەزىللىكلەرنى تارقاتسا، ئەخلاقنى بۇزسا، ئىسلام دىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

3. مۇزىكىنىڭ رىتمى، ناخشا ئاھاڭى ۋە ناخشا تېكىستى گۈزەل، يېقىملىق بولسا، ئىسلام دىنى ئۇنى قوللايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاڭلىغۇچىنى ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەرگە بويسۇنۇشقا باشلىمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر سەنئەتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش ، روھىنى پاكلاش بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا يول قويۇلۇپلا قالماستىن بەلكى ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلغان ۋاقتىدىكى ئاۋازىنى ياخشى كۆرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ساھابىلىرى ئىچىدىن ئاۋازى يېقىملىقلىرىنى تاللاپ ئەزان ئېيتقۇزاتتى، ئۇ يەنە كىچىك داپ، نەي، بۇرغا قاتارلىق سازلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى، بىر قېتىملىق ھېيت كۈنىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ قىزى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىككى قۇل قىزنىڭ داپ چېلىپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا قارشى تۇرغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويغىن، بۈگۈن دېگەن ھېيت كۈنى" دەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىر تۇغقىنى مەدىنىلىك بىر كىشىگە ياتلىق بولغىنىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تويىنى قىزىتىش ئۈچۈن ناخشىچىلارنى ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناخشا-مۇزىكىدا ئەخلاققا زىت ياكى ناچار نەرسىلەر بولمىسىلا، ئىسلام دىنىدا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆپ سورۇنلاردا ئېيتقان.

4.ئۇسۇل جەھەتتە. ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئاياللارنىڭ ئۇسۇلىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەرلەر ئۇسۇلىغا يول قويۇلىدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ زىياپەتتە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ كوللېكتىپ ئەرلەر ئۇسۇلىنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلغان. ئاياللارنىڭ ئاياللار ئالدىدا ئۇسۇل ئوينىشىغا بولىدۇ. ئەمما ئەرلەر ئالدىدا ئۇسۇل ئوينىشى چەكلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئېھتىماللىققا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت.

5. ئەخلاققا يات بولمىسىلا ئويۇن قويۇشقا بولىدۇ، ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. ئورۇنلاش سەنئىتىمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەتتىكى ھەددىدىن ئاشقان قەبىھ ھادىسىلەرنى ئەيىبلەيدۇ ھەم كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش تەكلىپلىرىنى بېرىدۇ. شۇڭا ساغلام، ئېسىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئىسلام دىنىدا رۇخسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك سۈرەتكە چۈشۈشكىمۇ يول قويۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ بۈگۈنكى كۈندە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى.

6. ئىسلام شەرىئىتىدە ھەيكەلتىراشلىق چەكلەنگەن. بۇنىڭ چەكلىنىشىگە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقى سەۋەب بولغان. ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئاجىز كىشىلەرنىڭ شۇ نەرسىلەرنى مەبۇد ئورنىدا كۆرۈپ چوقۇنىشىدىن ئەنسىرىگەن. نۆۋەتتە بۇنداق ئېھتىماللىقلار كۆرۈلمىدى. شۇڭا جىنايەتمۇ سادىر بولمىدى. لېكىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ كېلەچەكتە ياكى تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىدە قايتا سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ بۇنداق قىلىش چەكلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە مەيلى قايسى دەۋردە بولمىسۇن كۈچكە ئىگە. چۈنكى بىر دەۋردە مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىشلار يەنە بىر دەۋردە رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ پەقەتلا ئىلگىرى-كېيىنلىك مەسىلىسى خالاس. (داۋامى بار)

( تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ھاجى كېرەم
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى )

# ئىسلام دىنىدىكى پاكلىق ۋە پاكىزلىق

◆ يۇسۇپجان سەمەت ئەفىفى

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىنسانىيەت جەۋھىرى بولمىش — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تامام جاھان ئەھلىدىن بىز ئۇممەتكىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن، ھەر بىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەر شەيئىگە تالاي ھەقىقەت سىرلىرىنى سىڭدۈرگۈچى تەڭداشسىز گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە ئىگە بۈيۈك ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! جاھان مۇنەۋۋەرلىرى تەرىپىدىن "روھىيەتنىڭ دوختۇرى"، "ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر"، "ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىردىنبىر ئۈلگىلىك جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى"، ...دېگەندەك تالاي ناملارغا ئېرىشكەن ھەم شۇ نامىلارغا لايىق ئەڭ ئالىي يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھېسابسىز دۇرۇت-سالاملار بولسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى ئاجايىپ ھېكمەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، مەنىسى تېرەن، ۋەزنى ئېغىر، ئىنسانىي ئەقىلنى قايىل قىلىدۇ، قەلبىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ جەلپكارلىقى (پاساھەتلىكى)، ئىپادىلىگەن مەنىسىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ، ھېكمەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلالىغان ئادەم ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى "گۆھەر"، "ئەڭگۈشتەر" دەپ بىلىدۇ، ئۇنى چىن دىلىدىن قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدۇ. جابىر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جەننەتنىڭ ئاچقۇچى — ناماز، نامازنىڭ ئاچقۇچى — پاكلىق!" (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان). بۇ يەردىكى **پاكلىق** دېگەن كەلىمىنى **پاكىزلىق** دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ، **پاكلىق** دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. پاكلىق كەلىمىسى روھنىڭ پاكلىقىنى كۆرسەتسە، پاكىزلىق دېگەن سۆز بەدەننىڭ پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. روھنىڭ پاكلىقى — شېرىكتىن، گۇناھتىن، نىفاقتىن، كۇفرىدىن، رىيادىن، ھەسەتتىن، يامان گۇماندىن، سۇخەنچىلىكتىن،...ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەنىۋى ئىللەتلەردىن پاك بولۇشنى ئىپادىلىسە، بەدەننىڭ پاكلىقى — نىجاسەتتىن، زىنادىن، ئوغرىلىقتىن، قاتىللىقتىن، بۇلاڭچىلىقتىن، كىشىلەرگە ناھەق ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن،... ھەم شۇنىڭغا ئوخشىغان ماددىي كىرلەردىن، ئىللەتلەردىن پاك بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "نامازنىڭ ئاچقۇچى — پاكلىق!" دېگەن ھەدىسىدىكى "پاكلىق" كەلىمىسىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىدىكى مەنىۋى-روھىي پاكلىق بىلەن ماددىي-بەدەنىي پاكىزلىقنىڭ گارمونىك باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئىسلام دىنىمىزدا پاكلىق بىلەن پاكىزلىق چەمبەرچەس باغلانغان، ئۇلارنى ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى تەلەپ قىلغانلىقى، بىر-بىرىنى شەرت قىلغانلىقىدىندۇر. ماھىيەت شەكىلنى تەلەپ قىلىدۇ. شەكىل ماھىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى، قەلبنىڭ پاك بولۇشى —

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماھىيەت، بۇ ماھىيەت بەدەننى پاكىزلاشتىن ئىبارەت شەكىلنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ماھىيەت ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىدۇر. بۇنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلغان ئادەم باشقىلار مەجبۇرلىمىسىمۇ ئىختىيارىي ھالدا ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. مانا بۇ — ماھىيەتنىڭ شەكىلنى تەلەپ قىلغانلىقى. شەكىلنىڭ ماھىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە كەلسەك، بىر ئادەم ئىزچىل تۇردە شەكلەن ناماز ئوقۇپ كەلگەن بولسا، بۇ شەكلەن قىلىنغان ئىش ھامان بىر كۈنى ماھىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى، ھېلىقى ئادەم سەجدە قىلغان چاغدا دىلى ئىرىپ بۈيۈك پەرۋەردىگارىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا بارچە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى، قىلچىمۇ پەرقلەنمەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ھېس قىلىپ، قىلمىشاتقان يامان-قەبىھ ئىشلىرىنى تاشلاپ ھەقىقەتكە، ماھىيەتكە ئۆتۈشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال ھامان نىسپىي بولىدۇ. پاكىزلىق بىلەن پاكلىق، شەكىل بىلەن ماھىيەت ھەقىقىي بىرلەشكەندىلا ماھىيەت ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىدىكى ''ناماز'' روھنىڭ، قەلبنىڭ پاكلىقىنى، ''تاھارەت(پاكلىق) '' بەدەننىڭ پاكلىقىنى كۆرسەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى تاھارەت(پاكلىق) دېگەن سۆز روھىي پاكلىقنىڭ، جىسمانىي پاكىزلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداق تەھلىل قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر پاكلىق بىلەن پاكىزلىقنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقى ئېنىق.

جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن نامازنى ئادا قىلىش، نامازنى كامىل ئادا قىلىش ئۈچۈن، تاھارەتنى كامىل ئېلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. نامازنى تولۇق، كامىل ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى پاكلاپ، ھەقىقىي پاكلىقنى(روھ ۋە تەننىڭ پاكلىقىنى) قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنىدا پاكلىنىش(تاھارەت ئېلىش) ئۈچۈن قۇربەت ① شەرت قىلىنىدۇ. بىز ئاللاھنى ياد ئېتىش ئارقىلىق قەلبىمىزنى پاكلىساق، ئاندىن تاھارەت ئېلىش جەريانىدا ئەزالىرىمىزنى يۇيغاچ، شۇ ئەزالارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىسەك ھەقىقىي قەلبىمىز پاكلىنىدۇ. مانا بۇ — روھنىڭ تاھارىتىدۇر. سۇ ئارقىلىق بەدىنىمىزدىكى كىرلەرنى، نىجاسەتلەرنى، تاھارەتسىزلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز بولسا، بەدەننىڭ تاھارىتىدۇر. قىسمەن ئورۇنلاردىكى نىجاسەتنىڭ باشقا پاكىز ئورۇنلاردىمۇ تاھارەتسىزلىكنى پەيدا قىلىشى دەل ئۇنىڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى پاكلىقنى شەرت قىلغانلىقىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئالدى بىلەن قەلبنى پاكلاپ، ئاندىن كامىل تاھارەت ئېلىشنىڭ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: ''كىمكى تاھارەت ئالسا، كامىل ئالسا ئۇنىڭ خاتالىقلىرى بەدىنىدىن② چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى، تىرناقلىرىنىڭ ئاستىنىمۇ چىقىپ كېتىدۇ.'' (ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتىلىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''مۇسۇلمان ياكى مۆمىن ئادەم تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇيسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆزلىرى بىلەن قارىغان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر قوللىرىنى يۇيسا، قوللىرىدىن قوللىرى بىلەن قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئىككى پۇتىنى يۇيسا، پۇتلىرى بىلەن مېڭىپ قىلغان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى قەترىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۇتلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ...''(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتىلىدۇركى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''سىلەردىن تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئالىدىغان، ئاندىن: ‹بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى› (يەنە بىر رىۋايەتتە: ‹تەنھا، شېرىكى يوق، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى) دەپ

گۈزەللىك بېرىمەن› دەيدىغان كىشىلا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئۇ خالىغىنىدىن كىرىدۇ“(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن.

پاساھەتلىك تىل بىلەن تەپسىلىي، ئۇچۇق بايان قىلىنغان بۇ ھەدىسلەردىن تاھارەتتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ پاكلىق بىلەن پاكىزلىقنىڭ، روھ بىلەن بەدەن ئىبادىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىشىشى ئىكەنلىكىنى، پەقەت تاھارەت ئالغاچ: ”ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللاللاھۇ...“ دەپ روھىمىزنى پاكلاپ، ئەزالىرىمىزنىڭ بىلىپ- بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىدىن كەچۈرۈم تىلەپ، ماددىي ۋە مەنىۋى پاكلىقنى بەرپا قىلغاندىلا ھەقىقىي تاھارەت ئالغانلىق بولىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي پاكلانغىلى، پاكىزلانغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چىن دىلىمىزدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال: ”بىسمىللاھ ...“دەپ، تاھارەتنى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك كامىل ئېلىپ، ھەقىقىي قۇربەتنى نىيەت قىلغاندىلا روھىمىزمۇ، جىسمىمىزمۇ تەڭ يۇيۇلىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”نامازنىڭ ئاچقۇچى پاكلىق“ دېگەن يىتۇك، تەڭداشسىز ھەدىسىدىكى تاھارەت (پاكلىق) ئۆز مەنىسىنى تاپقان بولىدۇ. بىر چۆگۈن سۇ بىلەن پۈتكۈل دۇنيا، پۈتكۈل كائىنات يۇيۇلغاندەك بولىدۇ.

نامازمۇ بىر ئۇلۇغ ئىبادەت بولۇپ، ئۇ — روھنىڭ پاكلىنىش جەريانىدۇر. رەسۇلۇللاھ نامازنى سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭگە ئوخشاتتى. مانا بۇ ۋايىغا يەتكەن ئوخشىتىش ھېسابلىنىدۇ. ناماز قەلبنى پاكلاش، ئاللاھقا يېقىن بولۇش مەقسەت قىلىنغان بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدۇر(شۇنىڭ ئۈچۈن، نامازدا بىرلا ئىمامغا ئەگىشىش، سەپتە جەڭ مەيدانىدا تۇز تۇرغاندەك تۈپتۈز تۇرۇش شەرت قىلىنىدۇ)، بۇ ئارقىلىق شەيتانغا ئەل بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ چىقىشىمىز لازىم. يەنى، نامازنى شەرتلىرى بويىچە ئاللاھتىن قورقۇپ، تەئدىل-ئەركانلىرى بىلەن، تولۇق ئادا قىلىشىمىز كېرەك. نامازنىڭ تەلەپلىرىنى قانچىلىك تولۇق ئادا

قىلساق قەلبىمىز، روھىمىز شۇنچىلىك پاكلىنىدۇكى، بىز ئاللاھقا شۇنچىلىك يېقىنلىشىمىز. گۇناھلاردىن شۇنچىلىك قاچىمىز. نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز شەرتلىرى بىلەن ئاللاھدىن ھەقىقىي قورقۇپ چىن دىلىمىزدىن ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇ خۇددى مەنىۋى سۇغا ئوخشاش روھىمىزنى يۇيىدۇ. قەلبىمىز ئاپپاق پارلاپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق ئىبادىتىمىزدىن ئۆزىمىز رازى بولساق، كۆڭلىمىز شۇنچىلىك يورۇپ كېتىدۇركى: "...**ئاللاھنىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى)نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ باردۇر، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ(يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلىكىدىن )ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا(يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ...**" {سۇرە«نۇر» (24-سۇرە) 35-ئايەت}

بۇ چاغدا گۇناھتىن ھەقىقىي يانىمىز، ئۆزىمىزنى تارتىمىز، دىلىمىز ئېرىپ ھەقىقىي پاكلىنىمىز. ناماز(چىن ئوقۇلغان ناماز) بەندىنى يامان قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: " **(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى(تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن(يەنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**" {سۇرە «ئەنكەبۇت» (29-سۇرە) 45-ئايەت}.

www.uyghurkitap.com

جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ناماز ئوقۇيدۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى قەبىھ ئىشلاردىن تارتمايدۇ، ئەكسىچە گۇناھ ئىشلاردا باشلامچىلىق قىلىپ، ئارىدا پىتنە-پاسات تېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر بولسا نامازنى ھەقىقىي پاك ئوقۇمىغان كىشىلەردۇر، قەلبلىرىنى تاھارەت، ناماز پاكلىيالماستىن، چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. بەلكىم، دىلىنى ئاللاھ پەردىلىۋەتكەن، پىچەتلىۋەتكەن كىشىلەر شۇلاردۇر. بۇلارغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى ئاز بولمىسا كېرەك!؟

پاكلىقنى باشقا ئىبادەتلەرگە باغلاپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تېخىمۇ روشەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز. "ئىسلام دىنى — پاكلىق دىنىدۇر، سىلەر پاك بولۇڭلار، جەننەتكە پەقەت پاك كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ"(بىرلىككە كېلىنگەن «متفق عليه» ھەدىس). **"ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ(سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100دان تۈتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ.③ ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى(چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)"** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە) 261-ئايەت}. **"ئىمان ۋە ئەجىر-ساۋاب ئۈمىدىدە رامىزان روزىسى تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ"** (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ **"ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ھەج قىلىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى قىلماي، ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىدىن تۇغۇلغان كۈندەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ"** (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)، بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پاكلىق ئىسلام دىنىنىڭ تۆۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان ئاساسلىق ئىبادەتلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شاھادەت — ئەڭ بۈيۈك ماھىيەت ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىش، مانا بۇ — روھنىڭ ھەقىقىي پاكلىقى. تاھارەت — بەدەننى پاكىزلاش، قەلبنى پاكلاش شەكلى. ناماز — روھنىڭ پاكلىنىش جەريانى. زاكات — قەلبنى پاكلاش، مالنى پاكلاش، ئاجىز-كەمبەغەللەرنى يوقلاش ھەرىكىتى. روزا — روھنى ۋە بەدەننى پاكلاش ھەم تاۋلاش نىشانى. ھەج — روھنىڭ پاكلىنىشى ۋە پاكلىقلار ئارا ساياھىتى.

ھەر بىر ئىبادەت ئاللاھقا يېقىنلىشىش، گۇناھتىن ئۆزىنى تارتىش، پاكلىق، پاكىزلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلار ھامان رېئاللىقتىكى ئەمەل-ھەرىكەتلەرنىڭ تاشقى پوستى، ھەقىقىي ماھىيىتى ئەمەس.

بىز پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ، ماھىيەت ھەم شەكلىنىڭ ھەممىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرسەك، تاھارەت ۋە ناماز(باشقا ئىبادەتلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە!) ئارقىلىق قەلبىمىزنى، بەدىنىمىزنى پاكلىساق، شۇ چاغدا تاھارەت نامازنىڭ، ناماز جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولالايدۇ. بىز ئۆزىمىزدە گۇناھ تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىزگە تاھارەت بىلەن ناماز ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلىق ئابرۇيىمىزنى قوغدايدىغان دەستەك-شەكىل بولۇپ قالمىسۇن!!

ئاخىرىدا قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بىر كۇپلېت نەزمەمنى سۇنىمەن:

ناماز،زاكات،روزا، ھەجگە كۆڭۈل بۆلسە ئەگەر ئىنسان،
ۋۇجۇدىدا يېنىپ تۇرسا بۈيۈك ئاللاھقا ھەم ئىمان.
سەئيي بىرلە قىلىنغان ئىش ھەقىقىي بولسا، چىن بولسا،
قىلار مەقبۇل ئىبادەتنى ئاشۇ چاغدا ھامان سۇبھان!

---

ئىزاھات: ① قۇربەت — ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئالىدىغانلىقنى نىيەت قىلىش.

② پۈتۈن بەدىنىدىن ياكى يۇيۇلغان ئەزالىرىدىن — ئۆلىمالار ئىزاھى.

③ بۇ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشتىكى ئەدەپ- ئەخلاق

● ئابابەكرى قارىم هاجىم

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇركى: ”كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ئاندىن ئۇنى ياد ئالسا، ئۇنىڭ هالال دېگىنىنى قىلسا، هارام دېگىنىدىن يانسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ۋە (ئۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن) ئۇنىڭغا دوزاخقا كىرىشكە ۋاجىپ بولغان ئون كىشىنى شاپائەت قىلىش هوقۇقى بېرىلىدۇ“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

«قۇرئان كەرىم» — بارلىق ھەمدۇ-ساناغا لايىق بولغان، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بۈيۈك كالامى. ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى، شۇنداقلا دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مۇقەددەس دەستۇرى ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق زامانغا ماس، ئۆچمەس مۆجىزىسى بىلەن دۇنياغا داڭلىق مىسلىسىز كىتاب.

دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»دەك ھەر دائىم ئوقۇلىدىغان كىتاب يوق(يەنى بىر ئائىلە، بىر مەھەللە، ھەتتا بىر رايوندىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ توختىغان ۋاقىتتا، يەنە بىر ئائىلە، يەنە بىر مەھەللە، يەنە بىر رايوندىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى ئوقۇۋاتقان بولىدۇ).

شىنجاڭ رايونىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە بىردىن «قۇرئان كەرىم» تېپىلىشى مۇمكىن. كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى «قۇرئان كەرىم»نى كۆز قارچۇغىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. ئۇلار يالغۇز ھالەتتە ئۆيلەردە، مەسچىتلەردە ۋە باشقا جايلاردا ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىپ، ھاياتقا بولغان ئۈمىدى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ھالەتلىرىگە خاتىمە بېرىدۇ، ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پاكىز رەختلەرگە ئوراپ، ئېگىز جايلاردا ساقلايدۇ. ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىن كېيىن مەسچىتتە ئوقۇلغان قۇرئان تىلاۋەتلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. ئەتىگەندە ئوقۇلغان بۇ قىرائەتتىن كۈندىلىك ئىشلىرىغا قۇت-بەرىكەت ئىزدەيدۇ.

ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشى ۋاپات بولسا، تۇپراق بېشىدا مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازلىرى ياڭرايدۇ؛ ”يەتتىلىكى“ ۋە ”قىرقى“ بولغاندا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ مۇسىبەت ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىغا بېغىشلايدۇ. شۇنىڭدەك رامىزان ۋاقىتلىرىدا ھەم بۇ چاغدىكى ”تاراۋىھ“ نامازلىرىدا قۇرئان خەتمە قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئىچىدە مانا مۇشۇنداق سۆيۈپ

ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاتالغان قۇرئان، ھەدىس روھىغا ئاساسلىنىپ، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشتىكى بىر قانچىلىغان ئەدەپ ئەخلاقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى قانداق ئوقۇش، قانداق ھۆرمەتلەش توغرىسىدا كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

◀ قۇرئان ئوقۇغۇچى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشى، ئۆزىنى خۇش پۇراق قىلىشى ۋە مىسۋاك ئىشلىتىشى لازىم. بولۇپمۇ چىش ۋە ئېغىز تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سىلەرنىڭ ئېغىزلىرىڭلار قۇرئاننىڭ يوللىرى، ئۇنداقكەن، سىلەر ئېغىزلىرىڭلارنى مىسۋاك بىلەن تازىلاپ ياخشىلاڭلار**“ (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

◀ قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا، پاك ئورۇندا بولۇش لازىم. مەسچىتنىڭ ئەڭ پاكىز، خاتىرجەم ئورۇن ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

◀ قۇرئان ئوقۇغاندا، قىبلىگە قاراپ، ئاللاھدىن ئەيمەنگەن ھالدا، رۇس، تېتىك ئولتۇرۇپ ئوقۇش ياخشى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى «قۇرئان» ئوقۇشتىن توسۇپ قويمىسا، غەۋغا يوق پاكىز ئورۇندا مېڭىپ ئوقۇشقا؛ ئۇيقۇسى توسۇپ قويمىسا يېتىپ ئوقۇشقا ھەم بولىدۇ. ئەمما قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش ئەۋزەل.


◀ قۇرئان ئوقۇغاندا، ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم“ ۋە ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ (سۈرە «تەۋبە»دىن باشقىسىدا) دېيىش لازىم. ئەگەر ئوقۇماقچى بولغان ئايەت سۈرىنىڭ باشلىنىشى بولمىسا ”بىسمىللاھ...“نى دېيىش ـ دېمەسلىك ئىختىيار. ”ئەئۇزۇ بىللاھ...“نى ھەرقانداق ۋاقىتتا دېيىش لازىملىقى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر ئايەت بار: ”**سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن**“ {سۈرە «نەھل» (16 ـ سۈرە)، 98 ـ ئايەت}.

◀ ئىمام نەۋۋى مۇنداق دېگەن ئىدى: ”قۇرئان ئوقۇشقا تاللانغان ۋاقىتنىڭ ئەۋزىلى نامازدىكى ۋاقىت؛ ئاندىن كېچە، كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمى، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقى ۋە سۈبھىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردۇر“. شۇنداق، كېچىنىڭ قىرائىتى، بولۇپمۇ كېچىدە نامازدىكى ۋاقىتتا ئوقۇلغان قىرائەت ھەممىدىن ئەۋزەل. ساھابىلارنىڭ ئىچىدىكى قارىيلار كېچىدە قۇرئاننى كۆپ ئوقۇغانلىقتىن چىرايىنىڭ سېرىقلىقى، جىسمىنىڭ ئورۇقلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

◀ قۇرئاننى تەجۋىدلىك، ئالدىرىماي، تەمكىن ھالدا، چىرايلىق ئوقۇش لازىم. «قۇرئان كەرىم» مانا شۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ: ”**قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە ئوچۇق) ئوقۇغىن**“ {سۈرە «مۇززەممىل» (73 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**قۇرئانغا ئاۋازىڭلار بىلەن زىننەت بېرىڭلار. چىرايلىق ئاۋاز قۇرئانغا ھەقىقەتەن ھۆسنىنى زىيادە قىلىدۇ**“ (دارىمى رىۋايىتى). ئاڭلىغۇچى «قۇرئان كەرىم»نى ياخشى ئاۋاز، چىرايلىق ئاھاڭدا ئاڭلىسا ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش كېلىدۇ. ”**قۇرئان ئوقۇڭلار ۋە يىغلاڭلار. ئەگەر يىغلىمىساڭلار يىغلىغاننى دوراڭلار**“، دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئىبنى ماجە رىۋايىتى) ئالىملار: ”بىر جۇزئى (بىر پارە) قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانە ـ دانە) ئوقۇش، ئىككى جۇزئى قۇرئاننى تەرتىلسىز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل“ دەپ قارايدۇ.

◀ قۇرئان ئوقۇغاندا، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنى تەييار تۇتۇش لازىم. قۇرئاندىن بىر ئايەتنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى تەپەككۇر قىلماي ئوقۇغاندىن ياخشى. چۈنكى قۇرئان ئوقۇشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى

ئويلاپ تەپەككۇر قىلىشتۇر. "(بۇ) **ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر**" {سۈرە«ساد» (38-سۈرە)، 29-ئايەت}. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇش سۈننەت قىلىنغان. تەرتىل بىلەن ئوقۇغاندا قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى كۆڭۈلدە مۇلاھىزە قىلغىلى بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "چۈشەنچىسىز ئىبادەتتە، تەپەككۇرسىز قىرائەتتە ياخشىلىق يوق".



«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر ئايەتنى ئوقۇغاندا توختاپ، تىنىۋېلىپ ئوقۇش، رەھمەت ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ئاللاھدىن رەھمەت تىلەش، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى زىكرى قىلىنغاندا، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش، بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن قايتىلاپ تەكرار ئوقۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇنداق قىلاتتى، ھەتتا بىر ئايەتنى تەكرارلاپ كېچىچە تۇرۇپ كېتەتتى.

◀قۇرئان ئوقۇغۇچى خۇددى ئۆزىگە "ۋەھيي" تىلاۋەت قىلىنىۋاتقاندەك ياكى ئاللاھدىن بىۋاستە ئاڭلاۋاتقاندەك ھالەتتە بولۇش لازىم. ئالىملاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: "مەن قۇرئان تىلاۋەت قىلساممۇ ھالاۋەت تاپالمايتتىم؛ كېيىن مەن قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاۋاتقاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا تىلاۋەت قىلدىم؛ شۇ چاغدا بىرئاز ھالاۋەت تاپتىم. كېيىن بىر بالداق ئۆرلەپ ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاۋاتقاندەك، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ بىر بالداق ئۆرلەپ ئۇنى ئاللاھدىن بىۋاستە ئاڭلاۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئوقۇدۇم؛ مانا شۇ چاغدا ئىپادىلەپ بەرگۈسىز لەززەت تاپتىم." شۇنداق، قارىلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئايەت — جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان ئايەتنىڭ دەل ئۆزى شۇ. مانا مۇشۇنداق يېقىنلىق مۇناسىۋەتنى ئويلىغاندا ئۇ ئادەم نېمىشقىمۇ لەززەت تاپالمىسۇن؟! مانا بۇ "مۇقەررەبىن"لەرنىڭ دەرىجىسى. "**ئۇلار جەننەتكە ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر**" {سۈرە «ۋاقىئە» (56-سۈرە)، 10—12-ئايەتلەر}.

◀قۇرئان ئوقۇغۇچى قۇرئاننىڭ مۇھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىشى، مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشى، ئۇنىڭ ھەرخىل مىساللىرىدىن ئىبرەت ئېلىشى، ئۇنىڭ بېشارەتلىرىدىن خوش بېشارەت قوبۇل قىلىشى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن قورقۇشى، ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرىدىن ئەجەبلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە ئېسىلىپ مېڭىشى لازىم.

◀قۇرئان ئوقۇغاندا، دىلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ تۇرۇشى ياكى ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرۇشى، زېرىكىپ قالماسلىقى لازىم. كۆڭۈل مايىللىقى بىلەن ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرۇشنىڭ بىرى بولمىسا ئۇ ئادەم قۇرئاندىن ناھايىتى ئاز مەنپەئەت ئالىدۇ. "**قۇرئاننى ئېتىك، كۆڭلۈڭلار تارتقان ۋاقىتتا ئوقۇڭلار. ئەگەر مالال بولۇپ**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالساڭلار قوپۇپ كېتىڭلار" دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇتتەبەتۇن ئەلەيھ)

◀ قارىيلار پاكىز كىيىمى، ياخشى ئەخلاقى، ياخشى قىلىقلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى ۋە قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. ئۇ قۇرئان رازى بولغىنىغا رازى بولاتتى، قۇرئان يامان كۆرگەننى يامان كۆرەتتى.

◀ قارىيلار قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇپ تۇرۇشى، ئۇنى ياش ۋاقتىدا يادا ئېلىشى لازىم. بۇنداق ۋاقىتتا يادا ئېلىنغان قۇرئان قان بىلەن گۆشكە ئارىلىشىپ، ئاسان يادىدىن كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك، قارىيلار قۇرئاننى كۆپرەك يادا ئوقۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئاننى يادلاپ تۇرۇڭلار. ئۇ كىشىلەرنىڭ دىلىدىن قېچىش جەھەتتە باغلىقىدىن قاچىدىغان تۆگىدىنمۇ يامان." (مۇتتەبەتۇن ئەلەيھ) شۇنىڭ ئۈچۈن قارىيلار قۇرئاننى ھەپتىدە بىر قېتىم خەتمە (تامام) قىلىشى زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەپتىدە بىر قېتىم خەتمە قىلىشقا بۇيرۇغان. ساھابىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قارىيلاردىن بىرى بولغان ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)لەرمۇ يەتتە كۈندە بىر قېتىم، جۈمە كۈنلىكىدە خەتمە قىلاتتى. قارىيلار ھېچ بولمىغاندا 40 كۈندە بىر قېتىم بولسىمۇ خەتمە قىلىش لازىم. بىر ئادەمنىڭ قۇرئاننى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشى ئەڭ چوڭ گۇناھدۇر.

◀ قارىيلار تەقۋادار بولۇشى لازىم. تەقۋادار بولماسلىق قۇرئاننى ئۇنتۇپ قىلىشقا چوڭ سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە «سەپۋە توتىتا پاسىر»دا ئىمام شافىئى (رەھمەتۇللاھ)نىڭ مۇنداق شېئىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن:

"ھال ئوقۇدۇم مەن ۋۆكەيئىگە مېنىڭ
ئۇنتۇتقاقلىقىمنى،
شۇئان، گۇناھلارنى تاشلاشقا يېتەكلىدى ئۇ مېنى،
خەۋەر بەردى جەزمەن ئۇ، ئىلىم دېگەن بىر نۇردۇر،
بېرىلمەيدۇ ئاسىيغا ئاللاھنىڭ بۇ نۇرىنى".

◀ قۇرئان خەتمە قىلىدىغان ۋاقىتتا، ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ دۇئاغا ئۇلارنىمۇ قاتناشتۇرۇش لازىم. بۇ ۋاقىت دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدىغان ۋاقىتتۇر. مۇمكىن بولسا خەتمە قىلىدىغان كۈنى روزا تۇتۇش كېرەك.

◀ قۇرئاننى خەتمە قىلىپ بولغاندا، تاشلىنىپ قالغان شەكىلدە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ باشلىمىدىن يەنە باشلاپ ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى خەتمە قىلىپ سۈرە «ناس»نى ئوقۇغاندا، سۈرە «فاتىھە»دىن باشلاپ ئوقۇيدىغانلىقى، ئاندىن سۈرە «بەقەرە»نى"ئۇلائىكە ھۇمۇل مۇپلىھۇن"غىچە ئوقۇپ، ئاندىن خەتمە دۇئاسى ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان (دارىمى رىۋايىتى). قۇرئاننى ئوقۇپ توختىغاندا "سەدەقەللاھۇل ئەزىم" دېيىش ياخشى، دەپ قارىلىدۇ.

◀ قۇرئاننى بەزى چاغلاردا باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبى موسەل ئەشئەرىگە قاراپ: "بىزگە رەببىمىزنى ئەسلىتىپ قوي" دەيتتى. ھەتتا قۇرئان تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ناماز ۋاقتىنىڭ تەگلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇقماي قالاتتى.

◀ ھەر قانداق ئىلىمنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىزدەش لازىم. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسال بار: "ئارىپ"لاردىن بولغان بىر زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ"مۇئمىننىڭ جېنى، ئۇنىڭ جەسىدىدىن خۇددى يۇمشاق خېمىردىن قىل چىققاندەك ئاسان چىقىدۇ" دېگەن سۆزىگە قۇرئاندىن دەلىل چىقامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئاندىن قۇرئاننى

ئالدىرىماي، تەپەككۇر قىلىپ، ھەممىنى ئوقۇپ چىقىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغا دەلىل تاپالماپتۇ. ئۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈپ قىلىپ بۇ ھەقتە سوراپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئۇنى سۈرە «يۈسۈپ»دىن ئىزدىگىن" دەپتۇ. ئۇ ئويغۇسىدىن ئويغىنىپ دەرھال سۈرە «يۈسۈپ»نى ئوقۇپ **"ئۇلار (ئاياللار) يۈسۈپنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى "** {سۈرە «يۈسۈپ» (12-سۈرە)، 31-ئايەت} دېگەن ئايەتكە كەلگەندە تۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە دەلىل تاپقانلىقىغا خۇرسەن بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئاياللار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان. شۇ ھەيرانلىقتا قوللىرىنىڭ ئاغرىغىنىنىمۇ سەزمىگەن. شۇنىڭدەك مۇئمىن سەكرات قىلىۋاتقاندا رەھمەت پەرىشتىلىرىنى، ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەرنى، ھۆر قىزلارنى، ھەرخىل داچىلارنى كۆرۈپ كۆڭلى شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، ئۆلۈمنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلمايدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. دېمەك، قۇرئاندىن ھەرقانداق ئىلىمگە دەلىل چىقىدۇ(ئىشارەتەن بولسىمۇ). "كىمكى قۇرئاننى تولۇق چۈشىنىدىكەن بارلىق ئىلىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ" دەيدۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

◀ قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ"** {سۈرە«ۋاقىئە » (56-سۈرە) 79-ئايەت}. جۇنۇپ كىشىلەر (جىنسىي ئالاقە ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولغانلار) ۋە ھەيزدار ئاياللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ۋە ئۇنى تۇتۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"جۇنۇپ ۋە ھەيزدار ئاياللار قۇرئاننى ئوقۇشقا بولمايدۇ"** دەپ ئۇقتۇرىدۇ(ماجە رىۋايىتى). كىچىك تاھارىتى يوق كىشىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا بولىدۇ، لېكىن قۇرئاننى تۇتۇشقا بولمايدۇ. كىچىك تاھارىتى يوق كىشىلەر تاھارەت ئېلىپ ئاندىن قۇرئاننى تۇتۇشى، ھېچ بولمىغاندا ئالدىراش زۆرۈر پەيتلەردە تەيەممۇم بىلەن تۇتۇشى لازىم (گەرچە سۇ تېپىلمىسىمۇ). ئەمما كىچىك باللار قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتسا بولىۋېرىدۇ.

◀ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا قۇرئان ئوقۇشنى توختىتىپ قويۇپ زۆرۈرەتسىز كىشىلەر بىلەن گەپ قىلىشقا ۋە قۇرئان ئوقۇۋېتىپ ئەسنەشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئەسنەك كېلىپ قالسا قۇرئان ئوقۇشتىن توختاپ، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىش لازىم. چۈنكى ئەسنەك شەيتاندىن بولغاچقا ئادەمنى ئاسان ئىزلەڭگۈ-لەقۋا قىلىپ قويىدۇ. قۇرئاننى ئۈزۈپ قويۇپ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش مەكرۇھ . ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئان ئوقۇسا ئۇنىڭدىن پارىغ بولمىغۇچە ھېچ كىم بىلەن سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

◀ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا قۇرئاندىن غاپىل بولۇپ باشقا نەرسىلەرنى ئويلاش ۋە قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلىش ياخشى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلسا ئۇ كىشى قۇرئاننى چۈشەنمىگەن بولىدۇ."**

◀ قۇرئاننى ۋاستە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا، ھالال كەسىپ قىلماي قۇرئاننى دەسمايە قىلىپ جان بېقىشقا، ھەرخىل سودا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردە ئۆزىنىڭ قارىيلىقىنى پەش قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەبىئىي ھالدا «قۇرئان كەرىم» ۋە قارىلارنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۈيۈك كىتاب بولغاندىكىن ئۇنى ئوقۇغان قارىيلارمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى، ئۆزىنى پاك تۇتۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن سورايدىغىنىنى ئاللاھدىن سورىسۇن. بۇندىن كېيىن ھەقىقەتەن بىر**

خەلقلەر كېلىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ۋاستە قىلىپ كىشىلەردىن تىلەمچىلىك قىلىدۇ" (ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى). «مىشكاتول مەسابىھ»تە، بۇ ھەدىسكە شەرھى بەرگۈچى "تىلەمچىلىك" دېگەن سۆزگە "ھەقىقىي تىلەمچىلىك ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن تىلەمچىلىك"، دەپ شەرھى بېرىدۇ.



◀ قۇرئان ئوقۇغۇچى كىشىلەر مېنى ئەجەب ياخشى قارى ئىكەن دېسۇن دەپ پەخىر قىلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، تەپسىرشۇناسلىققا ئائىت بىلىملەرنى بىلمەي تۇرۇپ: "مېنى موللا ئىكەن دېسۇن" دەپ ئايەتلەرگە مەنە ئېيتىپ، ئالىملار بىلەن جاڭجاللىشىپ ئىختىلاپ تېرىشقا ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى بىر-بىرىگە زىتلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قۇرئانغا رايى بويىچە (مۇپەسسىر ئالىملارنىڭ تەپسىرلىرىگە قارىماي) تەپسىر قىلىدىكەن، گەرچە توغرا تەپسىر قىلغان بولسىمۇ، ئۆز ئورنىنى دوزاختىن تەييارلىۋالسۇن"** («مىشكاتول مەسابىھ»)


◀ «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب-ژۇرنال ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى. ئاللاھ سۆزى ئەلۋەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

◀ قۇرئاندىن "پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،" دېيىش مەكرۇھ، بەلكى "ئۇنۇتتۇرۇلۇپتىمەن" دېيىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مەن پالانى-پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېيىشى ئەجەب يامان. ئۇنداق دېمەي ئۇنۇتتۇرۇلۇپتىمەن دېيىشى لازىم. قۇرئاننى يادلاپ تۇرۇڭلار..."** متفق عليه (مۇتتەپەقون ئەلەيھ)

◀ «قۇرئان كەرىم»نى پاكىز بولمىغان ئورۇن ۋە پەس جايلاردا قويۇشقا بولمايدۇ. جۈملىدىن ئادەمنىڭ دىلى(يۈرىكى)دىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇش ياخشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر جۇغلىشىپ پارە قۇرئان ئوقۇغان ۋاقىتتا پارە قۇرئانلارنى يەردە قويماي بەلكى ئېگىز جوزىلاردا قويۇش كېرەك. شۇنىڭدەك، قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنى ئارقىغا قايرىپ، گېزىت ئوقۇغاندەك ئوقۇشقا بولمايدۇ.

◀ بەك كونىراپ، ۋاراقلىرى تىتىلىپ كەتكەن قۇرئاننى ئوقۇش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ۋاراقلىرى تىتىلىپ يەرگە چۈشۈپ دەسسىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تىتىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنى ئادەملەر كۆپ ماڭمايدىغان پاكىز، يىراق جايلارغا ئاپىرىپ مۇسۇلماننىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلغاندەك دەپنە قىلىش لازىم.

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# قاتىللىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئېغىر گۇناھ!

ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىنداشلار:

ئاللاھ ئىنسانغا ھاياتتىن ئىبارەت ئەڭ زور بايلىقنى ئاتا قىلىپ، پۇرسەت بېرىپ، بەخت ۋە خۇشاللىقتا ئېرىشتۈردى. ئىنساندىكى مۇشۇ ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى كۈچ، ئۇ تۇرمۇشنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئىنسان قەلبىگە ئىلھام بېغىشلاپ، ئىنساننى ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلىدۇ.

لېكىن ھازىر ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئازراقلا قىيىنچىلىق، كۆڭۈلسىزلىك، مەغلۇبىيەت تۈپەيلى قاتىللىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەرزىمەس ئىشلارغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ھەمدە بەزىلىرىمىزمۇ شۇ ئىشلارنىڭ شاھىتلىرى بولۇپ قېلىۋاتىمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: **''ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ. ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ''** {سۈرە «فۇرقان» (25- سۈرە)، 68- ئايەت}. بۇ ئايەتتە ئاللاھ ئۆزىنىڭ ياخشىلارنى مەدھىيىلەپ، گۇناھ ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى جازالايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: **''ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم ئىچىش چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر''** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەتنىڭ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاللاھ دۇنيانى شۇنچە گۈزەل ياراتقان، ھاياتلىقنى ھەر بىر جانلىققا ئەڭ بۈيۈك رەھمىتىدىن ئاتا قىلغان. ھەر قانداق بىر جانلىق ھاياتلىققا ئىنتىلىدىغان، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان تۇرسا، قاتىللىق قىلىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىش، ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ نېمە سەۋەبى بار؟ ئېنىقكى بۇنداق قىلىش ئىنساندىكى ئەڭ چوڭ نادانلىقنىڭ بىرى.

ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان ھەر بىر جانلىققا، جۈملىدىن، ھايۋاناتلار، ئۆي جانىۋارلىرى ۋە ئۇچار قاناتلارنى دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ باققىنىدىغان بولساق، شۇ جانلىقنىڭ ئۆز ھاياتىنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى قانچىلىك ئاسرايدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلالايمىز. ئەقىلگە، ئاڭغا ئىگە بولمىغان ئاشۇ جانلىقلار چېغىدا ھاياتىنى ۋە ئۆزىنى ئاسراۋاتقان يەردە، ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھاياتىنى قەدىرلىمەسلىكىنى نېمە دېگۈلۈك؟

ئادەمگە ئاللاھ ھۇزۇرىدىن ئەڭ بۈيۈك نام ئىلتىپات بېرىلگەن. شۇنداق بولغاچقا ئادەم كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلالايدۇ، ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالايدۇ، تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ياخشى بىلەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق باشقا جانلىقلاردىن تېخىمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرالايدۇ ۋە پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

بەزىلەر قانۇن- تۈزۈملەرگىمۇ بوي سۇنماي، قاتىللىقتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئاۋارىچىلىق تاپىدۇ، ئاللاھنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ-دە ئاخىرى قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم**

www.uyghurkitap.com

**ئۆلتۈرۈشنى) هارام قىلدى، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (يەنى قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17- سۈرە)، 33- ئايەت}. بۇ ئايەت قاتىللىق قىلىشتىن ئىبارەت يولنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قاتىلنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى، قاتىلنىڭ جازاغا تارتىلىشىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىمۇ **"قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ئالدى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان نەرسە قان قەرزىدۇر"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دەپ، قان قەرزىنىڭ باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق قىلىشتىن ئىبارەت جىنايەتنىڭ ئاخىرەتتىمۇ ھەممىدىن ئەۋۋەل سوراق-سوئالى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئەلۋەتتە، ئادەم قىزغىنلىقتىن مەھرۇم قالغاندا ھەقىقەتەن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، ئۈمىدسىزلىكتە ئۈچرىغاندا راستىنلا ئازابلىنىدۇ. ئەمما يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، پەقەت ئىرادىسىز، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق، ئاللاھقا ئۈمىد بىلەن ئىشەنمەيدىغان، ئۆز كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغان، بوشاڭ كىشىلەرلا ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ئازابلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار تېخى بۇنى تەقدىرنىڭ تەتۈرلىكى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ھاياتلىق ھەممە جانلىققا ئورتاق، شۇنىڭدەك ھاياتلىقتا قايسى يول، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى جۇلالاندۇرۇشمۇ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. قاتىللىق قىلغانلار ۋە ھاياتىدىن ۋاز كەچكەنلەرمۇ بەلكىم سودا يا كى تۇرمۇش ۋە ياكى باشقا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىكى مەغلۇبىيەتلەر سەۋەبىدىن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقۇتۇش، ئاللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش ياخشى ئىش ئەمەس. ئاللاھ ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇق ئىلتىپاتىغا ئەڭ بۈيۈك سوۋغاتنى بېرىپ ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى كۈتسە، ئىنسان ئۇنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، بىمەنە ھېس قىلىپ، "مەن سېنىڭ سوۋغىتىڭدىن بەختلىك بولالمىدىم، ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىمەن" دېسە بۇ ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ئىنساننىڭ ھاياتىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىمەنىلىك بولماس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا دوزاخ ئوتىدا ئۇنىڭغا شۇ نەرسە بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ"** («ئۇسۇل خەمسە»دە رىۋايەت قىلىنغان). مانا بۇ ھەدىس ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىنىڭ دوزاخ ئوتىدىن، ئازابىدىن باشقا ئەمەلنى كۆرمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ يەنە مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ دوزاختا تاشلىنىپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ، كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ ئىچىپ ئۆلگەن زەھەرنى قولىدا تۇتۇپ دوزاختا ئۇنى سۈمۈرۈپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ، كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، تىغنى قولىدا تۇتۇپ، دوزاختا ئۇنى قورسىقىغا سانجىغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس بىزگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ، ئىنساننى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان قەبىھ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ"** {سۈرە «نەجم» (53- سۈرە)، 39- ئايەت}. ئاللاھ بۇ ئايەتنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن

ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ ئىنسانىنى ئاگاھلاندۇردى. دېمەك، ئىنسان ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ياخشىلىقنىڭ نەتىجىسىنى، يامانلىق قىلىدىكەن، يامانلىقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى يېرىم گېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە ياردەم بەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز ئادەم دەپ يېزىلىدۇ" (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). ئويلاپ باقايلى، يېرىم ئېغىز سۆز بىلەن بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغان يەردە، قاتىللىق قىلىپ ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم نېمە بولماقچى؟ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولمامدۇ؟ ئۇنداق ئادەم ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە يۈز كېلەلەمدۇ؟ قاتىللىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش — ئاللاھ چەكلىگەن، پەيغەمبەر توسقان قەبىھ قىلمىش. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەخلاقسىزلىق، جەمئىيەتكە نىسبەتەن تەسىرى يامان شۇنداقلا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىنسانلىق بۇرچى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا چوڭ بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك. ئاللاھ نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلغانلارنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى چەكسىز ئازابقا دۇچار قىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى. ئادەم ھەممىنى بىلىدىغان ئەقىللىق مەخلۇق تۇرۇپ، سەۋرچان بولالمىغانلىقى، ئادىمىيلىك قىممىتى بويىچە ئىش تۇتماستىن، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك نېسىۋىسىنى قوبۇل كۆرمەي خالىغانچە دەپسەندە قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ھەممىنى نەپرەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە جىمجىتلا ياشاش ـ ياشاش ھېسابلانمايدۇ. تىپتىنچ تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ھايات ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ھايات بەزىدە دولقۇنلۇق، بەزىدە تىپتىنچ بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ، تۇرمۇش ئۆزگىرىپ ئادەمگە بەزىدە يىغا ئارىلاش كۈلكە سوۋغا قىلسا، بەزىدە كۈلكە ئارىلاش يىغىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ھايات ۋە تۇرمۇش ئاشۇنداق. ئادەم ئۇنىڭدىن بەزىدە ئۈمىد ئورنىغا ئۈمىدسىزلىككە، خۇشاللىق ئورنىغا بىر تالاي ھەسرەتكىمۇ ئېرىشىپ قالىدۇ. بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىشىغا پايدىلىق.

ھايات ۋە تۇرمۇش تىپتىنچ بولۇپ ئۇنىڭدا قىزغىنلىق بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ قىزغىنلىق دەل ئۆزىنى ۋە ھاياتنى قەدىرلەش بولۇپ، ھاياتقا ئاشۇ قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇڭا، ئادەم خۇشاللىققا ئېرىشكەندە خۇدىنى يوقاتماسلىقى، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم، بولمىسا تۈرلۈك خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ دۇنيا ھەرگىزمۇ ئازراق قىيىنچىلىققا، ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسە، قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۆلۈۋالىدىغان، ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلى قاتىللىق قىلىدىغان دۇنيا ئەمەس. چۈنكى بىز زور خىرىسقا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە تولغان يېڭى دەۋردە ياشاۋاتىمىز، كۈرەش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياشاۋاتىمىز، ھەرگىزمۇ ئۆلۈش، ئۆلتۈرۈش، يوقۇلۇش ئۈچۈن ياشاۋاتمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقىي قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك جاسارەت ھەرگىزمۇ ھۆرمەتلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىش ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇق بىلەن ياشاش، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش.

قىسقىسى ھاياتنى قەدىرلىمەسلىك، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قىلمىشلىرى ھەرگىز ئەقىللىق، جاسارەتلىك، ئىرادىلىك ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئى ئاللاھ! بىزگە ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى بەردىڭ، مۇشۇ ھاياتىمىزدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا نېسىپ قىلغىن.

قېرىنداشلار، ئاللاھ ھەممىمىزنى خاتالىقتىن ساقلاپ، ئاخىرەتتە ياخشى بەندىلىرى قاتارىدىن بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن، بىزمۇ شۇنىڭغا تىرىشايلى! (ئامىن)

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# "بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟..." دېگەن ئايەت ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

● ئابدۇخالىق ئالىم

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"ئىلىم" دېگەن سۆز "بىلىش، ئۆگىنىش" دېگەندەك مەنالارغا ئىگە بولۇپ، بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»دە نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا زىكىر قىلىنغان.

ئىلىم-مەرىپەت جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ناھايىتى چوڭ نېمىتى بولۇپ، يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار ئاشۇ ئىلىم-مەرىپەتنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان ۋاقتىدا، شۇ ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەمنىڭ بەخت-سائادىتىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم ۋەھيى ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتكە ئالاقىدار ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇماستىن بەلكى، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى"** {سۈرە «ئەلەق» (96-سۈرە)، 1 — 5-ئايەتلەر}. بۇ ئايەتلەردە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق بارلىق ئىنسانىيەتنى ئىلىم مەرىپەتتىن ئىبارەت مۇشۇ ھالقىلىق نۇقتىغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇغان بولسا، تۆۋەندىكى ئايەتتە بارلىق كائىناتنى يارىتىپ، مۇشۇ كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئەلەد-داۋام رىزقى بېرىۋاتقان ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى بىلىشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"بىلگىنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكەتلىرىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)"** {سۈرە «مۇھەممەد» (47-سۈرە)، 19-ئايەت}.

بىز بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، ھەرقانداق بىر شەخس ئىلىم-مەرىپەت جەھەتتە قانچىلىك بىلىمى يۇقىرى بولسا، ھەمدە شۇ ئىقتىدارىنى ھەقىقىي تۇردە جارى قىلالىسا، ئۇ شەخسنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانى، ئېتىقادى ناھايىتى مۇكەممەل بولىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرى: بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان ئەللەر ۋە ئۆز ئەقلىنى تاپقان ئەللەردە نامايان بولماقتا.

ئىلىم-مەرىپەت مۇشۇنداق مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممەتى ئىسلامىيەنى(ئىسلام ئۇممەتلىرىنى) بىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە رەسۇلىمىز

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايالغا پەرزدۇر"** دېگەن ئىدى. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ بىلىم ئېلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەلىرى ناھايىتى كۆپ.

دېمەك، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىنسانلارنى ئىلىم-مەرىپەتكە بۇيرۇپ، نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكتىن يىراقلاشتۇرۇشتىكى مەيدانى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئىككى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ پەرق سېلىشتۇرمىسىنى «قۇرئان كەرىم»دە سۈرە «زۇمەر»نىڭ 9-ئايىتىدە بايان قىلىپ، **"ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ"** دېگەن بولسا، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۈممەتى ئىسلامىيەگە روشەن بايان قىلىپ بەرگەن. ئەنەس ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىككى ھېرىسمەن بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى تويۇپ ئۆتمەيدۇ. بىرى ئىلىم-مەرىپەتكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇ بىلىمگە تويۇپ ئۆتمەيدۇ. يەنە بىرى دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇ دۇنياغا تويۇپ ئۆتمەيدۇ"**. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىس ئىختىساسلىق كىشىلەر بىلەن ئىختىساسسىز كىشىلەرنىڭ سېلىشتۇرما پەرقىنى بايان قىلىپ، بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ باراۋەر بولالمايدىغانلىقىنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا بارلىق ئىنسانىيەتكە شەرھلەپ بەرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ۋە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ناھايىتى ئۇنىۋېرسال، كەڭ دائىرىلىك، مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئائىلىنى ئالساق، شۇ ئائىلىدىكى بىلىملىك شەخس بىلەن بىلىمسىز شەخس ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، كەسىپ ئىگىلىرى بىلەن كەسىپسىزلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئىككى ئائىلىنى ئالساق، بىلىملىك ئائىلە بىلەن بىلىمسىز ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، مىللەتلەر ئارا ئالساق، ئۇلارنىڭ بىلىم مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى، دۆلەتلەر ئارا ئالساق، شۇ دۆلەت تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇش پەرقى قاتارلىق پەرقلەرنى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىز مۇشۇ ئەھۋاللاردىن مەيلى پانىي ئالەمدە بولسۇن ۋە ياكى باقى ئالەمدە بولسۇن، بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيمىز.

بۇ ھەقتە پەخىر ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ «مىفتاھۇلئەدەب» دېگەن كىتابىدا ياش ئەۋلادلارنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىلىمسىزلىك، نادانلىققا نەپرەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

بارچە پەزىلەت باردۇر ئۇنىڭدا ئارتۇقلۇق،
تاپتىمەن شۇ ئىلىمدىن چىن پەزىلەت ئۇلۇغلۇق.

شۇڭا سەن تەلپۈنمە شۇ ئىلىمسىز بايلىققا،
ئەبەدىي ياشايسەن ئىلىم بىلەن تۇرۇقلۇق.

زەپەر قۇش پەن بىلەن ياشىغىن ھايات،
ھاياتتۇر ئىلىمدار بىلىمسىز مامات.

ئۆگەنگىن ئى يىگىت قىلما جاھىللىق،
ئىشەكتەك ياشىماي قىلىپ نادانلىق.

ئۆگەنگىن ئىلىمنى ھۆرۈن بولمىغىن،
ياخشىلىق ئەھلىدىن يىراقلاشمىغىن

ئۇ بۇ بېيىت مىسرالىرىدا (بېيىتنىڭ

تەرجىمىسى)، بىلىمدارلار بىلەن بىلىمسىزلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايان قىلىپ، ئىلىم ئىگىلىرىنى ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ماختاپ، نادانلىقنى ناھايىتى پاساھەتلىك ئىبارىلەر بىلەن قامچىلىغان بولسا، يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى بىلىم ئىگىلىرى بىلەن نادانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سېلىشتۇرمىسىدا، سوقراتنىڭ: «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياخشىلىق بولىدۇ. بۇ — ئىلىم-مەرىپەتتۇر؛ دۇنيادىكى ھەممە ياۋۇزلۇقلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياۋۇزلۇق بولىدۇ. بۇ — نادانلىقتۇر!» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا يازغۇچى ئۆزىمۇ مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ: «دۇنيادا قانچىلىك ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىم-مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر! ھالبۇكى جاھالەت، پەسكەشلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىك ھەممىسى نادانلىقنى ئۆزىگە مەنبە قىلىشىدۇ! چۈنكى تارىختىن بۇيان، جاھاندىكى قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكتىن پايدىلىنىپ كەلگەن!» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ھەممە ياخشىلىقنى بىرلا ياخشىلىققا — ئىلىم-مەرىپەتكە يىغىنچاقلىغىلى بولغىنىدەك، دۇنيادىكى ھەممە ئىپلاسلىقنىمۇ نادانلىقتىن ئىبارەت بىرلا ئىپلاسلىققا يىغىنچاقلاش ھەم مۇمكىن! ياكى بولمىسا، دۇنيادا قانچىلىك ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىم-مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر؛ جاھالەت، پەسكەشلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ، چۈنكى جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى تارىختىن بۇيان ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يەنىلا نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكتىن پايدىلىنىپ كەلگەن!» دەپ يېزىش ئارقىلىق، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىق ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان بالايى ئاپەتلەرنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىپ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتىن يىراقلىشىشقا چاقىرغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىمىز ئەزەلدىن ئىلىم ئىگىلىرىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ كەلدى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا ئەزەلدىن بىلىش ۋە بىلمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېقىمنىڭ سېلىشتۇرما پەرقى ناھايىتى روشەن ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئابباسىيلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆگىنىش تەشنالىقى ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى. بىلىم تەشنالىقى ئىلىم ئىگىلىرىگە قۇملۇقنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرى، دېڭىزلارنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى ھېچ گەپ بولمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇرۇندىنلا، ئىلىم تەھسىل قىلىش غازات قىلىشدۇر دېگەن ئەقىدە ئورناپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىلىم يولىدا ئۆلۈش — دىن يولىدا قۇربان بولغانلىق ئىدى. ھەمدە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە بىلىم — ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئىنتىلىشى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئېسىل خۇشاللىقى ئىدى.

ئاشۇ مەزگىللەردە ئىلمى جەھەتتىكى مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى ئىلمى مۇنازىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىدى. بۇ خىل مۇھاكىمە يىغىلىشلىرى مەسچىتلەردە، قىرائەتخانىلاردا، ئوردىدا ياكى ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ ئائىلىلىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بەزىدە خەلىپە ئۆزى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئورۇنلاشتۇراتتى، مەسىلەن، خەلىپە مەئمۇن ئىلمى مۇنازىرىلەرگە دائىم قاتنىشىپلا قالماي، شەخسەن ئۆزى بەزى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ توغرا-خاتانى

ئايرىپ بېرەتتى.
شۇ دەۋردىكى سىياسىينىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «كۇتتۇب» شەكلىدىكى قىرائەتخانىلار ياكى ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپلەر ئىسلام دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇملاشقان ئىدى. دەرسلىك جەھەتتە تالىپلار «قۇرئان كەرىم»نى يادرو قىلىپ، بىر تەرەپتىن قىرائەتنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەتتاتلىقنى ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تالىپلار يەنە «ھەدىس»، گىراممatika، ھېساب، شېئىر قاتارلىق دەرسلەردىن تەلىم ئالاتتى. دەرس ئۆتۈشنىڭ ئاساسىي شەكلى يادقا ئوقۇش بولۇپ، قاتتىق ئىنتىزام تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى مۇدەررىسلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى، بەزى مۇدەررىسلەر ئوقۇتۇشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قاراپ، جاھاندارچىلىقى كاپالەتلىك بولسىلا، ئوقۇش بەدەل پۇلى ئالمايتتى. مەسىلەن، ساھىبى مەزھەپ ئىگىسى بولغان ئەبۇ ھەنىفە گەزمال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، خالىس ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەزى مۇدەررىسلەر ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى ياكى نەرسە-كېرەك ئالاتتى. مەسىلەن، «شېئىر ۋە نەسر ئەسەرلەر مەجمۇئەسى» نىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇبەررىد ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى ئالغان. لېكىن دىنى دەرسلەر مۇدەررىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتۇشنى ھەققانىي ئىش، ساۋاپلىق ئىش بىلىپ، ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى ئالمايتتى. مەسچىتلەر يەنىلا دىن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ئاساسلىق سورۇن ئىدى. داڭلىق ئەھلى ئىلىملەر، ئەدىبلەر بەس-بەس بىلەن مەسچىتلەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تۈرلۈك پەننى بىلىملەرنى سۆزلەپ، نۇرغۇن تالىپلارنى ئۆزگە تارتىپ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى ئۈچۈن نۇرغۇن كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەپ چىققان.

ئابباسىيلار دەۋرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدا قىرانىغا يەتكەن دەۋرى ئىدى. «دارىل ھېكمەت» («ئەقىل سارىيى»)نىڭ باغداتتا قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش دولقۇنى پۈتكۈل ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئەۋج ئالغان. «دارىل ھېكمەت» مۇسۇلمانلار بەرپا قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاچقان تۇنجى ئىلمى ئورگان بولۇپ، ئۇ يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلىم-پېنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ساقلاپ قىلىش جەھەتتە تارىخى ئەھمىيەتلىك تۆھپە قوشۇپلا قالماي، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە ۋە لوگىكا قاتارلىق تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەرگە كامىل زور تۈركۈمدىكى ئالىملارنى، پەيلاسوپلارنى، تەرجىمانلارنى تەربىيلەپ چىققان.

مىلادى 1065- يىللىرى باغداتتا ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى دىنى ئالىي مەكتەپ، شۇنداقلا تۇنجى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ — نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنياغا كەلگەن. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنى سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئالىپ ئارسلاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن باش ۋەزىر نىزام ئەل مۇلۇك قۇرغان ۋە مەكتەپ نامى ئۇنىڭ ئىسىم شەرىپى بىلەن ئاتالغان. بۇ ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان ھەم زور مەبلەغ ئاجرىتىپ قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئالىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇشى چىڭ ئىدى. مۇدەررىسلەرنى تەكلىپ قىلىشتا خەلىپىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ھەر بىر مۇدەررىسكە ئىككىدىن-ئۈچكىچە ياردەمچى مۇدەررىسلەر سەپلەپ بېرىلەتتى. تالىپلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدرىس ياتاقلىرىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. بۇ ئۇنىۋېرستېتنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى ۋە بەزى قائىدە- تۈزۈملىرى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئورغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ جۈملىدىن ياۋروپادىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دورايدىغان، ئۈلگە ئالىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى.بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا يەنە كۈتۈپخانا تەسىس قىلىنغان. شىپاخانا، مۇنچا، ئاشخانا قاتارلىق ئارقا سەپ ئەسلىھەلىرىمۇ تەسىس قىلىنغان. نىزام ئەل مۇلۇك يەنە بەلخ،نىشاپۇر، ئىسفاھان، بەسرە، مولۇموسول قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ قۇرغان .

ئەييۇبىيە سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزىغا زەربە بەرگۈچى داڭلىق قوماندان سالاھىددىن ئەييۇبى(مىلادى 1138—1198- يىللار) ئىلىم- مەرىپەتنى قوللاپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ نىزام ئەل مۇلۇكتىن كېيىنكى ئالىي مائارىپقا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ دەمەشق، مىسىر، يەمەن، قۇددۇس (ئېرۇسالىم) قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن مەكتەپ ئاچقان. مىلادى 12-ئەسىرگە كەلگەندە، دەمەشىقتىكى ئالىي مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ20 گە يەتكەن. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مائارىپ پائالىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سالاھىددىن مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىللە يەنە، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنىمۇ ئىسلاھ قىلغان. مەكتەپلەردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى، ھەدىس، قىسقىچە ئىسلام شەرىئىتى، تىل- ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلۈشتىن باشقا يەنە پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەرمۇ تەسىس قىلىنغان. شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئاياللارمۇ كىتاب ئوقۇيالايتتى، خەت يازالايتتى.

مۇدەررىسلەر جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. گەرچە مائارىپ ئىشلىرى خەلقنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بەزى مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى.

بايان قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كۈتۈپخانا سەل قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم رول ئوينىغان. كۈتۈپخانىنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئىلىم- مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن-بەرمىگەنلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئابباسىيلار دەۋرىدە كىتاب يېزىش، تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى ئىنتايىن جانلانغان، قەغەزچىلىك سانائىتى كۈنسايىن تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىتاب كۆچۈرۈش كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەن. كىتاب سودىگەرلىرى ۋە كىتابخانىلار مەيدانغا كېلىپ، كۈتۈپخانىلار تۇشمۇتۇشتىن قۇرۇلغان. خەلىپە مەئمۇن تەختتىكى ۋاقىتتا، باغداتتا 30 نەچچە كۈتۈپخانا ۋە يۈز نەچچە كىتاب سودىگەرلىرى بارلىققا كەلگەن، خەلىپە مەنسۇر (مىلادى 754— 775-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە باغداتتا كۈتۈپخانا قۇرۇلۇشقا باشلىغان، كېيىن كۈتۈپخانا ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ ياسالغان. مىلادى 830- يىلىغا كەلگەندە خەلىپە مەئمۇن مەشھۇر خەلىپىلىك كۈتۈپخانىسى ئاساسىدا «دارىل ھېكمەت» دېگەن ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىنى قۇرۇپ چىققان. باغداتتىن باشقا يەنە دەمەشىق، قاھىرە، بەسرە، مولۇ، بۇخارا، ئەندۇلۇسىيە ۋە ماراكەش قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە نۇرغۇنلىغان كۈتۈپخانىلار تەسىس قىلىنغان.

قىسقىسى، مۇسۇلمانلار مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زور كۆلەمدە تۈرلۈك

شەكىلدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دىن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، پسىخولوگىيە، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، لوگىكا قاتارلىق ھەرقايسى پەنلەردە ئاجايىپ قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق ئالىملارنى ۋە دۇنياغا مەشھۇر پەيلاسوپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، بۈگۈنكى ئاتوم ۋە نۇر دەۋرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس تىكلەپ بەرگەن.


مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەت پەن-مائارىپىغا قوشقان شانلىق تۆھپىسى ھەققىدە غەربتىكى بىر قىسىم ئىنساپلىق كىشىلەر ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىلىم مائارىپقا قوشقان ئاشۇنداق تۆھپىلىرى بولمىغان بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكىدەك پەن تەرەققىياتىغا ئېرىشەلىشى بىر نەچچە ئەسىر كېيىنگە سوزۇلۇپ كېتەتتى“ .

ئەينى زاماندىكى مۇشۇنداق ئىلمى مائارىپنىڭ ئاشۇ مۇسۇلمانلاردا مەۋجۇت بولالىشىنىڭ تۈپ مەنبئى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىلغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقىدا. ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدىغان ھوزۇر ھالاۋىتى بىلەن، بىلىمسىز، نادانلىقنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان قاباھەتلىك ئاقىۋىتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەنلىكىدە.

ئۇنداقتا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە بۇنداق زور دەرىجىدە چاقىرىق قىلىشىنىڭ ئاساسى تۈپ مەقسىتى زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى روشەن: ھەرقانداق بىر شەخسي ئىلىم-مەرىپەتنى ھەقىقي ئۆگەنسە، ئۇ شەخستە چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىگە بولغان تونۇش، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمان، ئېتىقاد كۈچىيىدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمان، ئېتىقاد كۈچلۈك بولسا، ئۇ شەخستە دوزاختىن قورقۇش، جەننەتتىن ئۈمىدۋار بولۇشتەك چوڭ غايە مەۋجۇت بولىدۇ. ھەر قانداق بىر شەخستە ئاشۇ خىسلەت مۇجەسسەملەشسە، ئۇ شەخستە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلمايدىغان، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان ئەخلاقى پەزىلەت يېتىلىپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك: ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى، دېگەن ئالىي ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقي شان-شەرەپكە ئېرىشەلەيدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئىسلام دىنىمىز بارلىق ئىنسانىيەتنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىپ، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ نادانلارچە ياشايدىغان بىلىمسىزلىكتىن قەتئىي چەكلەيدۇ.

شۇڭا بىزنىڭ بارلىق ئۈممەتى ئىسلامىيەگە قىلىدىغان مۇراجىئىتىمىز شۇكى، ھەممىمىز بىرلىكتە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ چاقىرىقىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇپ، ئىلىم-مەرىپەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل باغچىغا كىرەيلى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ دەشتى باياۋان، ھالاكەت گىردابىغا ھەرگىزمۇ يېقىنلاشمايلى! ئاللاھ ھەممىمىزگە مۇستەھكەم ئىمان، مەنپەئەتلىك ئىلىم، يۈكسەك شىجائەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: ئاقسۇ شەھرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى شەمشىدىن ھاجى)



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن



●ئابدۇكېرەم قارىم

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىز ئەقىل پاراسەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولغاچقا، ئۇ ئىنسانلارنى ئىلىم ئىگىلەشكە، ئىلىمنى قەدىرلەشكە، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىق قىلىدۇ. ئىلىم ئۈستىدە توختىلىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتا ھېچقانداق دىننىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىلەپ كەتكىنى يوق، ئىسلام دىنى توختالغانچىلىك توختالغىنى يوق. ئىسلام دىنى چاقىرغان ئىلىم پەقەت دىنى بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى بىلىمسىزلىكنى يوقىتىدىغان، ئەقىلنى ئۈستۈرىدىغان، ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزى ياراتقان دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن ياراتتى. مەزكۇر بىلىملەرنى بىلمەي تۇرۇپ، دۇنيانىڭ سىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم-پەننىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىيات تارىخىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز ھەم ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، بەزى نادان ئادەملەرنىڭ ''دىن بىلەن پەن بىر-بىرىگە قارشى'' دېگەن بىرتەرەپلىمە كۆزقاراشلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز لازىم.

چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە ئەڭ ئالدىدا چۈشكەن ئايەت: **"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى"**{سۈرە «ئەلەق» (96-سۈرە)، 1 — 5-ئايەتلەر}؛ ئىككىنچى بولۇپ چۈشكىنى **" قەلەم ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى"** دېگەن ئايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن قەلەم بىلەن قەسەم قىلغان. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار شۇ ئايەتنىڭ روھى بويىچە قالاقلىقتىن ئۆزگىرىپ، دىنى ئىلىمگە ۋە دۇنيا ئىلىمگە يۈرۈش قىلىپ، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ دىن بىلەن پەن بىر گەۋدىلەشكەن بىر خىل ساپ مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ چاغلاردا تېخى باشقا مىللەتلەر دىن بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سوزۇلغان توقۇنۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، پەن-تېخنىكا ئالىملىرىنى ئەيىبلەپ ئۆلتۈرۈۋاتقان ئىدى. كىمكى بىرەر خىل يېڭى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا ياكى بىرەر يېڭى نەرسىنى كەشپ قىلسا ئۇنى قوبۇل قىلماقتا-يوق، شۇنداق نەرسىنى كەشپ قىلغىنى ئۈچۈن جازاغا تارتىلاتتى. لېكىن ئىسلام دىنىمىز بۇ خىل يېڭى ئىجادىيەت، يېڭى

كەشپىياتلارنى قوللايدۇ ۋە تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا دىن دېمەك پەن دېمەكتۇر. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ئىلمى مەدەنىيەت ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى كىتابلىرى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار تۈزگەن ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، ئالگېبرا قاتارلىق كىتابلار هازىرغا قەدەر ئىلمى قىممىتىنى يوقاتماستىن هەر قايسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتىلىۋاتىدۇ. ئالگېبرانى مۇسۇلمانلار كەشىپ قىلغان بولۇپ، بۇ پەنگە مۇھەممەد ئەل خارەزمى مىراس ۋە ۋەسىيەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇل سالغان. شۇنداق بولغاچقا ئالگېبرا بىلەن بىرگە ئۇ كىشىنىڭ «ۋەسىيەت قوللانمىسى» ناملىق كىتابى تارقىتىلغان. دېمەك ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئىلىم-پەن مانا مۇشۇنداق يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر زىتلىق بار دېيىلسە، ئۇ ئىلمى نەزەرىيىدىكى خاتالىق ياكى بىزنىڭ قۇرئاننى توغرا چۈشەنمەسلىكىمىزدە. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 8-، 9-، 10-، 11- ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكى هەمدە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىش قىيىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ هەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 750 ئايىتىدە (قۇرئاننىڭ تەخمىنەن سەككىزدىن بىرىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئۇنى تونۇشى هەمدە ئەقىل-پاراسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىلىم-پەن ساھەلىرىنى جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى قىلىشى توغرىسىدا تەشۋىق تەرغىب قىلىنغان. شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قويۇش لازىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېگەن: ‟**ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر**‟(بۇ هەدىس مۇشكات شەرىپتا بايان قىلىنغان). بۇ شەرەپلىك نام دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرگە تەڭ ئەهمىيەت بەرگەن ئالىملارغا مەنسۇپ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى چۈشىنىشتە ئالىي جاناب كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز مۇسۇلمانلارغا مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‟**ئىلىم ئۆگىنىش هەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر**‟. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاغ داۋانلاردىن ئېشىپ، يىراق جۇڭگوغا سەپەر قىلىشتىنمۇ يانماسلىقىنى تەرغىب قىلغان.

«قۇرئان كەرىم»دە دىنىي ئىلىم بىلەن پەننىي ئىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئادەملەرنىڭ ئەۋزەللىكى تەكىتلەنگەن مۇنداق بىر ئايەت بار: "**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ**" {سۈرە «زۇمەر»(39-سۈرە)، 9-ئايەت}. مانا بۇ سۆز ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرغىبات بولۇپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىلمى ئاڭدۇر. بۇ ئايەتتە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بىلىمسىز كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى تەرغىب قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللىگەندىن سىرت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ياخشى ئىگىلەپ خەلق ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىلىم-پەن دۇنياسىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈش ئۈچۈن، پۈتكۈل جەمئىيەت بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياشلار مۇشۇنداق ئۈمىدلىك نىشانىنى كۆزلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ تارىخى تەجرىبىسى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا شۇنى ئېيتىمىزدە چېكى ساقلىشىمىز لازىمكى، ئىلىم-پەندە ئاسان يول يوق. ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە "تەپەككۇر" تەكىتلەنگەنگە ئوخشاش، "تەسخىر"(تىزگىنلەش) سۆزىمۇ تەكىتلىنىدۇ. يەنى پەن بىلىملىرى ئارقىلىق تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ، تەبىئەتنى تونۇشقا ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ. **"ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن(يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (ئاللاھقا) شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان)(روشەن) دەلىللەر بار."** {سۈرە«جاسىيە»(45-سۈرە)، 12-13-ئايەت}

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارنى بىزگە پەن-تېخنىكا جەھەتتىن ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ. **"تۆمۈرنى داۋۇتقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق، (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق)'مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن' دېدۇق." "سۇلايمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق"** {سۈرە «سەبەئ»(34-سۈرە)، 10-، 12-ئايەتلەر}.

مانا بۇ ئايەتتىن داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئېغىر سانائەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەنە ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار ئارقىلىق شەھەر، كوچا، ئۆي ۋە سۇ ئامبار قۇرۇلۇشلىرىنى ياساشقا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىنىڭ پەن تېخنىكىسىنى پىششىق بىلەتتى. بىز ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۆمۈر پارچىسى ۋە ئېرىتىلگەن مىستىن مۇداپىئە ئىستىھكامى ياسىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق. شۇڭا مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسى، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ۋە ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئايان بولغان مۇقەددەس كىتابتىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىكى ئىشلار ھەققىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەر بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك ئۈلگىلەردىن ئىبارەت. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ. **"بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز."** {سۈرە«ھەشر» (59-سۈرە)، 21-ئايەت}

بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم-پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىسلام تەرەققىياتىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنىڭ سىرى ئېچىلىپ، فىزىكا، خىمىيە ۋە باشقا پەن تېخنىكا بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، پەن-تېخنىكىنى قوللايدىغان دىن ئىكەنلىكى، جۈملىدىن «قۇرئان كەرىم» تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بەندىنىڭ سۆزى ئەمەس بەلكى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كالامى بولۇپ، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىدە شەك يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى بىلىملىك كىشىلەر قۇرئانغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە توغرا يول تېپىۋاتسا، ئەپسۇسكى، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىز باشقا مىللەتلەردىن پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالدۇق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەم مىللەتىنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاز دەپ، يەنە بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇلارنىڭ قاتمال ئېڭىغا ئۆرپ-ئادەت تۇسىنى ئالغان ئىبادەت دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بىر خىل قالاق ئىدىيە ۋە خاتا كۆزقاراش سىڭىپ كەتكەن. ئۇ بولسىمۇ خۇراپاتلىق.

بۈگۈن بىز يۇقىرى پەن-تېخنىكا دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئىنسانلار بۇ خىل ئالىي يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئۇزۇن مۇساپىلەرنى قىسقارتماقتا. ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن تولۇق خەۋەردار بولماقتا. ئۆزلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلماقتا. مانا مۇشۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يىغىپ ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكا ئىسلام دىنىدىن، ئىسلام دىنى پەن-تېخنىكىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىشىمىز لازىم. ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىلىرىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. "**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.**" {سۈرە «مۇجادەلە» (58-سۈرە)، 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. دېمەك، ئالىملار ئىلىم مەرىپەت بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ نەزىرىدە ئالىي دەرىجىگە ۋە ئۇلۇغ ئورۇنغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئالىملار بولسا ئىمان ئارقىلىق ئاللاھقا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايدۇ. دېمەك، ئىلىم ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىمان ھەرقانچە ئېغىر سىناقلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن ئەڭ قاتتىق قورقىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. "**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**" {سۈرە «فاتىر» (35-سۈرە)، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. "**كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ**" (سەھىھ مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇ). مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش يولىدا چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىنى، ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەر-يېزا قىشلاقلاردا تارتقان خاپىلىقلىرىنى ئىلىم-پەن ئۆگەنگۈچىنىڭ جەننەتكە ماڭىدىغان يولىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەپ بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن خەت ساۋاتى بار ئەسىرلەرنىڭ ھەربىرسىنىڭ 10 مۇسۇلمان پەرزەنتىگە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ، تۆلەم تۆلىمەي قايتىپ كېتىشىنى بۇيرۇغان. شۇنداق قىلغانلارنى ھېچ نەرسە ئالماي قويۇپ بەرگەن. مۇشۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئىسلام دىنى ئىلىم-پەنگە ئەڭ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆكۈل بۆلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئىلىم-پەنگە چاقىرىدىغان پاك دىندۇر.

## ئىسلام دىنى ۋە بىلىمسىزلىك

بىلىمسىزلىك ئىلىم-پەنگە زىت بولۇپ ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان خارلىق، رەزىللىك كېلىپ چىقىدۇ. بىلىمسىزلىك ئىختىيارى كەمچىلىك بولۇپ، ھەرگىز يارىتىلىشتىكى كەمچىلىك ئەمەس. بىلىمسىزلىكتىن بىلىمنى ھۆرمەتلىمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. بىلىم ھۆرمەتلەنمىسە بىلىم ئەھلىلىرى ھۆرمەتلەنمەيدۇ. بىلىم ئەھلىلىرى ھۆرمەتلەنمىگەن مىللەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنمىكى مۇقەررەر. بىلىم دېگەن يالغۇز دىنىي بىلىم بولۇپ قالماستىن پەننىي بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي بىلىمنىلا بىلىپ پەننىي بىلىملەرنى بىلمەسلىك خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشايدۇ. چۈنكى قانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت بولمىسۇن، ئۇنىڭدا پەن-تېخنىكا بولمايدىكەن، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن بولمايدۇ. ئىنسان ھاياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك سەھىيە پەن-تېخنىكىسى بولمىغاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ھاياتنىڭ ھەر ۋاقىت تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشى ئېنىق. شۇنداقلا، پەن بىلىملىرىنى بىلمىگەندە ئىسلامىيەتمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ.

بىلىم بەزى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى زور شان-شەرەپ، نام-ئابروي، كۈچ قۇدرەت ئاتا قىلسا، بەزى ئىنسانلارنى ھايۋان ھەتتا ئالۋاستىدىنمۇ ۋەھشىي بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گەپ ئۇنىڭ بىلىمنىڭ قانچىلىكىدە ئەمەس بەلكى بىلىمنى قايسى مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىدە، بەزىلەر ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ بىلىمنى ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتمەي، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ھاياتىغا تەھدىت سېلىش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى خانىۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: دۇنيادىكى ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەن ئاجىز دۆلەتلەرنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر قىسىم تېررورچىلارنىڭ تىنچلىقپەرۋەر خەلققە ھۇجۇم قىلىپ، بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىشى ئاللاھ ئاتا قىلغان بىلىمنى توغرا يولغا ئىشلەتمىگەنلىك ھەم بىلىملىك تۇرۇپ، بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىك بولۇپ، مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىلىمسىزلىك. چۈنكى ئاللاھ بىلىمنى ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ۋە دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ياراتقان، ھەرگىز ئاجىز خەلققە تەھدىت سېلىش ئۈچۈن ياراتمىغان. بۇ يەردە شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم بىلىمسىز كىشىلەردە قارىغۇلارچە ئەگىشىش، بىدئەت، خۇراپاتلىقنى قانات ئاستىغا ئېلىش، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىققا چۆمۈپ، ئۆزىنى دىندار دەپ پەردازلاپ، خۇراپاتلىق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى خۇنۇك كۆرسىتىپ، ئىلىم-پەنگە قارشى چىقىشتەك پاجىئەلىك ئىللەتلەر مەۋجۇت. ئىسلام دىنىمىز ھەرگىز ئىلىم-پەنگە قارشى دىن بولماستىن پەقەت ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئۇلۇغ مۇقەددەس دىندۇر. مىللىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شاھىد ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللامدەك ئالىم شۇ زاماندا يېڭىلىققا قارشى بىدئەتچىلەر تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئەگەر شۇ زاماندىكى كىشىلەردە ئازراق توغرا بىلىم بولغان بولسا، ئۇلار نېمىنىڭ ھەقىقىي بىلىم، نېمىنىڭ بىدئەت، خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكەن بولاتتى. شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللىتىمىز ئىچىدىكى تالاي كىشىلەرنىڭ ئەتىدىن-

كەچكىچە قاۋاقخانىلاردا غەرق مەست بولۇپ، قىمارخانىلاردا قونۇپ، ئاران تاپقان ئىقتىسادىنى بىھۇدە جايلارغا ئىسراپ قىلغانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەنگەن كىشىلىرىمىزدە ئازراق بىلىم بولغان بولسا، ئۇلار ئاللاھ بەرگەن مۇشۇ قىممەتلىك ھاياتنى ئىقتىساد ئىسراپچىلىقى ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بىلەن ئۆتكۈزمەي ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئازراقمۇ بولسا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، قىممەتلىك ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتكەن بولاتتى.

ئەپسۇسكى، بۇ سۆپەتتىكى كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى يېيىش، ئىچىش ۋە ئويناش دەپلا قاراپ، بۇ خىل سۆپەتنىڭ ھايۋانغا خاس سۆپەت ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ يېيىش، ئىچىشى بولسا ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىدە ياراتقان ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە پايدىلىق بولغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن.



ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنىڭ بىلىم ئېلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمىگەن. ئۇلار جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزمەكتە يوق، ھەتتا ئۆزىگىمۇ پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىنسانلار بولسا ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ سۆپەتتىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ھايۋانچىلىكىمۇ قىممىتى يوق. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار زېمىنغا ئارتۇقچە يۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خۇددى ئاللاھ قۇرئاندا ئېيتقاندەك: **"شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى(ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى- يامانىنى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر."** {سۈرە «ئەنفال»(8-سۈرە)، 22-ئايەت} **"ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغىلا ئوخشاشتۇر. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر "**{سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 44-ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بىلىمسىزلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمسىز قېلىشىغا ھەرگىز رازى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمىزدىكى ھەربىر مىنۇت ۋاقتىمىزنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەي، ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ئىلىم-بىلىم ئۈچۈن تىرىشىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزدىكى بىلىمسىزلىكنى يوقىتىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

جانابى ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان پەزىلەتلىك مۇسۇلمانلاردىن قىلغاي. ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە قوشئېرىق يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى، بەتلىرى ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ 2.7 نۇسخىسىدا ئىشلەندى ۋە ئەل كاتىپ كوررېكتور سىستېمىسىدا كوررېكتورلۇق قىلىنىپ، بېسىپ چىقىرىلدى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا شەمشىنۇر ھوشۇر، ھاجى بارات رەجەپ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخنىكىلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# سىلىق- سىپايە سۆزلەشكە ئادەتلىنەيلى

ياقۇپ ھەمدۇللا

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر، ئىدىيە، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش قورالى. خۇددى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر پېشۋاسى، شائىرلارنىڭ پىرى ــ ئۇستازى ئەلىشىر نەۋائىي ئېيتقاندەك:

ئىنساننى تىل ئەيلىدى جۇدا ھايۋاندىن،
بىلگىنكى گۆھەرلەرنىڭ شەرافىقى يوق ئاندىن.
كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ گۆھىرى تىلدۇر،
ئادەم گۈلشەنىنىڭ سەمەرى تىلدۇر.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى قەۋملەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئورتاق تىل قېلىپلاشقان، يېزىق ئىجاد قىلغان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تەرەققىپەرۋەر مىللەتلىكى بىلەن تونۇلغان. ئۇيغۇرلار شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆلمەس تۆھپىلەر قوشۇپ، تارىختىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇلمەس تارىخىي ئېقىم دولقۇنلىرىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ، يېڭىلىنىپ، ئىلمىيلىشىپ، تاكامۇللىشىپ كەلمەكتە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زىچ ماسلىشىپ ئىجتىمائىي ئالاقىدا نازۇك، مۇرەككەپ، چوڭقۇر ئوقۇملارنى بىمالال، سىلىق- سىپايە، راۋان تىل ئىبارىلىرى بىلەن ئىپادىلەپلا قالماي، يېڭى ئەسىردىكى ئۇچۇر-ئالاقە، يۇقىرى پەن-تېخنىكا، تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش توغرىسىدىكى بارلىق ئاتالغۇلارنى ئىپادىلىيەلەيدىغان، باي، نەپىس، تەرەققىي قىلغان تىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىر شەخسنىڭ سۆزلەش سەنئىتى شۇ كىشىنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، ئەخلاق-پەزىلىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۆز ئانا تىلىمىزغا چوڭقۇر مۇھەببەت ئورنىتىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئانا تىلنى توغرا ئىگىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم، ئانا تىلنى سۆيگەنلىك ئۆز خەلقىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەنلىك، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەنلىك ئىمان جۈملىسىگە كىرىدۇ.

تىل ــ ئىسلام دىنىدا شەرىئەتنىڭ نۇتۇق قورالىدۇر. "**مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېيزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى**" {سۈرە «رەھمان» (55-سۈرە)، 4- ئايەت}. "**قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار بۇ قۇرئاننى پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق**"{سۈرە «نەھل» (16- سۈرە)، 44- ئايەت} . "**ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى**"{سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 23-ئايەت}. ناھايىتى ئۇلۇغ، ناھايىتى قۇدرەتلىك ئاللاھ رەھمەت-شەپقەت قىلىپ تىلنى بېرىپ،

بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى يولىمىزغا نۇر ۋە يېتەكچى، ئاخىرەتلىكىمىزگە بەخت - سائادەتتىن بېشارەت بېرىدىغان ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنىڭ گۈلتاجىسى بولغان قۇرئاننى يېتەكچى قىلىپ بەردى. قۇرئان ئىمامىمىزدۇر، شەرىئەت ئەركانلىرى يول بەلگىمىزدۇر. قۇرئاندىكى چىرايلىق سۆزلەر بىزنىڭ سۆز- ھەرىكىتىمىزگە مىزاندۇر. "**قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر**" {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 90- ئايەت}. مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسى، پەخرى- ئىپتىخارى، تىل سەنئىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسئۇلىيىتى: "**پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت(ئاللانىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر**" {سۈرە«ئەنكەبۇت»(29- سۈرە)، 18- ئايەت} بولۇپ، ئاللاھۇ سۇبھانە ۋە تائالا پەيغەمبىرىمىزگە ئۆزىدىن ئىلگىرىمۇ، ئۆزىدىن كېيىنمۇ ھېچبىر ئادەم زاتىغا بەرمىگەن ئۇلۇغلۇق ۋە كامالەت خىسلەتلىرىنى ئاتا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىل بۇلىقىنىڭ سۈزۈكلىكى، زېھىن-سېزىملىرىنىڭ ئېنىقلىقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈر، كۈچلۈك، سىلىق، يېقىملىقلىقى جەھەتلەردە ئىنسانلار ئارا يېگانىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىز بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىتىش، ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى ئەينەن يەتكۈزۈش، خەلقنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىپ تارقىتىش جەھەتلەردە يۈكسەك پاساھەتلىك، چوڭقۇر مەنالىق، ئېنىق چۈشىنىشلىك، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يۇقىرى تالانت بىلەن ئىشلىتىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەل ئارىسىغا تاراتقان رىۋايەتلىرى، نۇتۇقلىرى، خۇتبىلىرى، ۋەز - نەسىھەت، ئەقلىيە سۆزلىرى، دىپلوماتىيە جەھەتلەردىكى دۆلەت خېتى، سۈلھىنامىلىرى چوڭقۇر مەنالىق، كۆركەم، پاساھەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا ئىلاھ بەرگەن مۆجىزات، تەبىئىي تالانت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ساھابىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ''سەندىنمۇ پاساھەتلىكرەك ناتىقنى كۆرمىدۇق'' - دېگەندە، ئۇ: ''قۇرئان مېنىڭ تىلىم'' - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: "**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز- نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن**" {سۈرە«نەھل»(16- سۈرە)، 125-ئايەت} دەپ تاپشۇردى، ئۇ دەل شۇنداق قىلدى.

سۆزلەش ماھارىتىمۇ بىر خىل پەن يەنى ھۈنەر-سەنئەت، دۇنيادىكى ھۈنەر- سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان سەنئەت، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالىي مەقامغا يەتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ 159- ئايىتىدە: "**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق تاش بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى**" - دېگەن ئىدى. سۆز- ھەرىكەتتە مۇلايىم، سىپايە بولۇش، سۆزنى سىلىق، مېغىزلىق، يېقىملىق سۆزلەش پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلىتى ئىدى، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: "**مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ**" (مۇسلىم رىۋايىتى).

سۆزنى سىلىق-سىپايە، ياخشى سۆزلەش كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتىرىدۇ**" {سۈرە«فاتىر» (35- سۈرە)، 10- ئايەت} . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن**" (مۇسلىم رىۋايىتى) دېگەن ئىدى. ئالتۇندەك سالماق، گۆھەردەك يالتىراق سۆز دۇردانىلىرىنى زەر يىپقا تىزىدىغان سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي: ''ياخشى سۆزلۈك كىشىنىڭ جايىدا

www.uyghurkitap.com

ئېيتقان مۇلايىم سۆزى بىلەن كۆڭۈلگە تولۇپ كەتكەن غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سۆزدە ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ ئىمكانى بار» («مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن) دېگەن. ھەر دائىم، ئۇيغۇر تىل خەزىنىسى ھېسابلىنىدىغان ماقال- تەمسىللەردە: ”دۇنيانى پۈتۈنلەيدىغانمۇ سۆز، تۆكىدىغانمۇ سۆز“، ”سۆيگۈزگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل“، ”ياخشىنىڭ سۆزى كېپىل، يامانىنىڭ ئۆزى كېپىل“،”ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى“ دېگەن گۆھەرلەر تارىختىن بۇيان قەلب دۇردانىمىزغا نەقىش بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، ياخشى سۆز سەدىقات ئورنىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋابقا يەتكۈزىدۇ. ياخشى سۆز بىلەن تاشتەك قاتقان كۆڭۈل تۈگۈنلىرىنى يېشىپ، دۈشمەننى دوستقا، كۇففارنى مۇسۇلمانغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، سەۋرى- تاقەت تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ، زەھەرلىك تىل قىلىچى بىلەن كۆڭۈللەر بوستانىنى ياۋايىلارچە تىلساڭ، مەڭگۈلۈك جاراھەت دېغى قالدۇرۇپ قويغان بولىسەن، دوستىنىمۇ دۈشمەن قىلىسەن، ياخشىدىن ئايرىلىپ قالىسەن. ” تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ“ ئەمەسمۇ؟ سۆزىدىكى قوپاللىق يېقىنلىرىڭنى مەھرۇم قىلىدۇ، ئۆچ- ئاداۋەت ئوتىغا ياغ قۇيىدۇ. ئۆزۈم كۆرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتەي: مۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى گۇچۇڭ ناھىيىسىدە بىرسىنىڭ نىكاھ تويى مەرىكىسىگە قاتنىشىپ 10-8 دەك ياشلار داستىخاندا ئولتۇراتتۇق، بىر مويسىپىت كىرىپ ھەمداستىخان بولدى، داستىخان تۆپىسىدە بىر ياش ئۇ مويسىپىتتىن: ” قارىكا، ئىلىم ئۆگىنىش پەرز، دەپتىكەن. مەن سىلىدىن بىر مەسىلە سوراي، تاماكا چېكىش گۇناھ ھېسابلىنامدۇ؟“ دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ توڭلۇق، قوپاللىق بىلەن: ”ھوي، تاماكا چېكىش ئاپاك بىلەن ھەرەمدە 7 قېتىم زىنا قىلغانغا باراۋەر گۇناھ بولىدۇ“ دەپ قويدى. ئۇچۇق ئاسمانغا قويۇن كۆتۈرۈلگەندەك ھېلىقى ياشنىڭ ئاچچىقى كەلدىدە: ”ھەي، سەن قانداق قارى؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ھەرەم قانداق جاي؟ ئاپا دېگەن قانداق ئىنسان؟ قەيەردە ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭ؟ ئالدىڭدا تائام تۇرسا، نەۋرىلىرىڭدەك باللار تۇرسا شۇنداق قوپال گەپ قىلىسەنا؟!“ دەپلا سوراققا تارتتى. ئىككىسى جېدەللىشىپ تۇرغاندا ساھىبخان كىرىپلا: ”ھوي، قارىكا! سىلى بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قاپتىلا، قوپسىلا ئاۋۇ ئۆيگە چىقىلى“دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېلىقى ياش غەزەپتىن يېرىلاي دېدى- دە، يېنىدىكىدىن: ”ھەي تاماكاڭنى چىقارغىنا، ئۈچ ئاي بولغان مەن تاماكا تاشلاپ، تۆۋە قىلىپ، مەسچىتكە كىرىپ بەشۋاق ناماز ئۆتەۋاتقان. بۈگۈن سەپرايىم باشقا ئۆرلىدى، ئەكەل“ دېدى-دە تاماكىنى داستىخان تۆپىسىدىلا چەكتى. قۇدىلار تەرەپكە بارغاندا يەنە بىر نەچچە ياشلار بىلەن تۇرغان ئىدۇق. ئېگىز بويلۇق، چېھرىلىرى نۇرلۇق، سالا- سۈپەتلىك بىر مويسىپىت كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ياشلاردىن بىرى: ”داموللام سىلىدىن بىر مەسىلە سورايمەن، تاماكا چېكىش قايسى دەرىجىدىكى گۇناھ ھېسابلىنىدۇ؟“ دەپ سورىدى. بۇ كىشى نېمە دەركىن دەپ، ئەندىكىپ قاراپ تۇرسام، ئۇ داموللام مۇلايىملىق بىلەن سىپايە ھالدا: ”ئاللاھ تائالا يەردىن چىققان گىياھنى مۇنۇ ھارام دەپ ئايرىمىدى. لېكىن ئىنسانلار يېسە ئۆزلىرىگە مەنپەئەت قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى مول، تەمى، پۇرىقى ياخشى بولغان زىرائەت، ئوت ياشلاردىن ئوزۇقلىنىپ كەلمەكتە. تاماكىمۇ ئوت- گىياھ، لېكىن ئۇنىڭ كۆكىنى ئەمەس، بەلكى ئىسىنى ئىستېمال قىلىۋاتىمىز، تاماكىنىڭ ئىسى ئىنتايىن زىيانلىق، تەركىبىدە نىكوتىن قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلارنىڭ كۆپلىكى، بۇ زەھەرلىك ماددىلار تەسىرىدىن دائىم تاماكا چەككەنلەر ئىچىدە ھەر خىل ئۆپكە كېسەللىكلىرى، ئۆپكە راكى، جىگەر راكى، قىزىل ئۆڭگەچ راكى، سىل كېسىلى، يۈرەك كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، بۇ خىل

كىسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلار دۇنيا بويىچە 4 مىليون، جۇڭگودا ھەر كۈنى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئالىملار ئىسپاتلاپ چىقتى، تاماكا چەكسەك قولۇڭ كۆيىدۇ، پۇلۇڭ كۆيىدۇ، نەپەس يوللىرىڭ كۆيىدۇ، كىيىمىڭ كۆيىدۇ، بىخەستەلىك قىلغانلار ھەر خىل ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تاماكا ئۆزۈڭگىنىلا ئەمەس، ئەتراپىڭدىكىلەرگە، بولۇپمۇ خوتۇن - باللىرىڭغا ئېغىرراق تەسىر قىلىدۇ. تاماكا چەككەنلەرنىڭ شەخسىي تازىلىقى، مۇھىت تازىلىقىمۇ ياخشى بولمايدۇ. تاماكا چەككەنلەر بەتبۇي پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا تاماكا چەككۈچىلەردىن ھەممە بىزار بولىدۇ، شەرىئەتتە ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق نەرسىلەرنى ھارام ھېسابلايدۇ. شۇڭلاشقا تاماكا چەككۈچىلەر ئۆزلۈكىدىن تاماكىنى تاشلاپ پاك- پاكىزە بولغىنى ياخشى" - دەپ ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ، شەرىئەت ئاساسىدا ھۆكۈم قىلدى. ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى قايىل ۋە مايىل بولۇشۇپ" رەھمەت داموللام" دەپ تەزىم قىلىشتى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىككى سورۇندا سورالغىنى بىرلا مەسىلە، جاۋاب بەرگۈچىلەرنىڭ سۆز ئۇسلۇبى ئوخشىمىغاچقا، ئىككى خىل نەتىجە چىقتى. دېمەك، سۆيگۈزگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل، "ئادەمنىڭ سۆزى — ئەقلىنىڭ تارازىسى" ئىكەن. ياخشى سۆز روھى ئوزۇق، يامان سۆز باشقا قوزۇق، ئىكەن.

ياخشى سۆز — ئادەمنىڭ ھۆسنى- زىننىتى. ئالىملار، ئاخۇنلار — پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىز باسارلىرى، شۇڭا ئاخۇنلار (ئىماملار) جامائەت سورۇنلىرىدا، ۋەز- نەسىھەت قىلغاندا پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، پوزىتسىيىسى مۇلايىم، سۆز- ئىبارىلىرى سىپايە، مۇلاھىزىسى چوڭقۇر، دەلىل- پاكىتلىرى كۈچلۈك، سۆزلىرى مېغىزلىق، ئىخچام بولغىنى ياخشى. ئالىملار، ئاخۇنلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي غەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئانا تىلنى ئىلىم - سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى، شەرىئەت ئىلىملىرىنى تەلىم بېرىشى ئاللاھنىڭ ھەققى، ئالىم، ئاخۇنلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەم مەسئۇلىيىتى. ئاخۇنلار ئۆز قابىلىيىتىنى ۋە ۋۇجۇدىدا بارىنى سىپايە، سىلىق سۆزلەر بىلەن، مۇلايىملىق، ياخشى خۇلق بىلەن يەتكۈزۈپ ھەقىقەتنى سۆزلەپ، خەلقنى تەربىيىلەپ ئۆزىگە جەلب قىلالىسا، مەسچىتتە جامائەت كۆپىيىپ، جامائەت ئارىسىدىكى ناچار خۇلق، ئەسكى ئادەتلەر تۈزىلىپ، جامائەتنىڭ كەيپىياتى جانلىنىپ كېتىدۇ. تۇتۇق، قوپال بولۇپ، ۋاقىراپ، تىللاپ خەقنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتسە، جامائەتتىن ئايرىلىپ غېرىب بولۇپ قالىدۇ. ۋەز- تەبلىغ قىلىشتا كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتا پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: **"سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكسەن"** دەپ ماختىغان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئاننىڭ ئەخلاقىدۇر" دېگەن ئىدى.

شاگىرت تەربىيىلەۋاتقان ئۇستازلار ئانا تىلىنىڭ باي تىل خەزىنىسىدىكى سىپايە- سىلىق، چىرايلىق سۆزلەردىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن ھەر بىر شاگىرتنىڭ قەلب قولۇپىنى ئېچىشنى بىلىشى كېرەك، شاگىرت باللارغا ئۆز باللىرىدەك كۆيۈنۈپ، ئانىلارچە مېھرى- شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل تەربىيە بېرىپ، زېرىكمەي، تېرىكمەي بىلىم- ھۈنەر ئۆگىتىشى كېرەك، باللارنى سۆيۈش، خەلقنى، ۋەتەننى سۆيۈش دېمەكتۇر. ئەكسىچە باللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ، تىللاپ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى خورلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ۋىجدان- غۇرۇرىنى ئاياق- ئاستى قىلسىڭىز، شاگىرتلار سىزدىن بىزار بولۇپ كېتىپ قالىدۇ، ھەتتا، ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن. ئەلىشىر نەۋائىي: "ھەر قانداق كۆڭۈلگە قاتتىق تىلدىن جاراھەت يېتىدۇ. يۇمشاق سۆز، شېرىن تىلدىن راھەت يېتىدۇ. مۇلايىم، چىرايلىق سۆز ياۋايىلارنىمۇ دوستلۇققا باشلايدۇ" - دېگەن ئىدى.

ئاتا- ئانىلار ئائىلىدە باللارغا تەربىيە

بېرىشتە سىلىق- سىپايە، مەدەنىي سۆزلەشنى ئادەت قىلىشى كېرەك. مۇلايىملىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى، ئادەملىك دۇنياسىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر. ئاتا- ئانا باللارنىڭ مەڭگۈلۈك تەربىيىچى ئۇستازى ھەم ئۈلگىسىدۇر. باللار ئەقىلگە كېلىپلا ئاتا- ئانىنى ئۈلگە قىلىپ، دوراپ ئۆگىنىدۇ، شۇڭا ئاتا- ئانىلار ھايالىق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك بولۇشى، ئەر- خوتۇنلار باللىرى ئالدىدا ھەر بىر سۆزنى"يەتتە ئويلاپ، بىر كەس" دېگەندەك ئويلاپ دېيىشى لازىم. ئاتا- ئانا قانداق بولسا باللار شۇنداق بولىدۇ. "نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن"، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەككۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ"** (مۇسلىم رىۋايىتى). **"ھايا- ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر، ئەدەپسىز سۆز قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاخقا مەنسۇپتۇر"** (تىرمىزى رىۋايىتى). باللارنى قوپاللىق بىلەن دۆشكەلەيدىغان، تىللاپ ھاقارەتلەيدىغان، بىھايا سۆز- ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان ئاتا- ئانىلار"ئاتا- ئانا" دېگەن ئۇلۇغ نامغا مۇناسىپ ئەمەس، بۇ دۇنيادىغۇ ياخشىلىق كۆرمەس، ئىلاھىم، ئۇ دۇنيادا دوزاخقا بەنتتۇر.

جامائەت سورۇنلىرىدا، دوستلار يىغىلغاندا سۆزدە ئەدەپلىك بولۇپ ياخشى سۆز قىلىش، ئاچچىق مەسخىرە، قوپال چاقچاقلارنى قىلماسلىق كېرەك. ئۆز زامانىسىدا يۈكسەك ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ كاتتا كۈيچىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناچار سۆز، ناچار قىلىقلاردىن خالىي ئىدى، ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: **"ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر"** (بۇخارى رىۋايىتى). **"سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى). جامائەت سورۇنلىرىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، زىتىغا تېگىدىغان گەپ قىلىش، مەسخىرە قىلىش ناچار قىلىق، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگسىڭىز، ئاچچىقىدا سىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ، نەتىجىدە جېدەل چىقىدۇ، سورۇننىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ، بۇ بەتقىلىقتىن جامائەت بىزار بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل سورۇنلاردا مۇلايىم پوزىتسىيىدە بولۇپ ياخشى سۆز قىلىش، بولمىسا جىم ئولتۇرۇش لازىم. ئەلىشىر نەۋائىي ئېيتقاندەك: "مۇلايىملىق ئىتتىپاقسىزلىق شاملىنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە ھەۋەس كوچىسىدىكى مۇناپىقلارنىڭ يولسىز غەزەپلىرىدىن ساقلىغۇچىدۇر. ئۇ خەلقنىڭ ئىززەت- ئىكرامىنى تارتقۇچى، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئىلتىپاتىنى قوزغىغۇچىدۇر". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: **"بىر بەندە يەنە بىر بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسىلا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايىتى) دېگەن ئىدى.

دوستلار ئارا ھەزىل- چاقچاقتا، سۆھبەتلەردە مەدەنىي، ئىلمىي، سىپايە بولۇش لازىم. دوستلۇقنى قەدىرلەش، بىر-بىر ياخشى ئىشنى تەبرىكلەش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئىناقلىقنى، شادلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. قوپال چاقچاق، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ كەمسىتىش، دوستلۇق، ھۆرمەت پەردىسىنى يىرتىدۇ، ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرىدۇ- دە، سەلتەنەتلىك دوستلۇق بىناسىغا چاك كېتىدۇ. دوستلار ئۇچۇن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بارىنى پىدا قىلىش، دوستلىرىغا ئاي بىلەن كۈندەك ھەمىشە يورۇق، ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، خام قايماقتەك يېقىشلىق، يىپەكتەك سىلىق سۆزلەش كېرەك. ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەن ئىدى: "يۈزىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان خۇشخۇي كىشىنىڭ ئۈچۈق يۈزى بىلەن چۈچۈك سۆزىدىن ئەلگە خۇشاللىق يېتىدۇ، ئۈچۈق يۈزىدىن خەلققە شادلىق، يۇمۇرلۇق سۆزىدىن كۆڭۈللەرگە ئازادلىق كېلىدۇ، بۇنداق كىشىلەر كىشىلىك بىلەن كۆڭۈلنىڭ دوستىدۇر، ئىنسانىيەت بىلەن جانلارنىڭ ئارزۇسىدۇر. بۇنداقلاردىن دوست- دۈشمەننىڭ ھەممىسى خاتىرجەمدۇر، بۇلار

ئۆمرىدە ھېچ خارلىق كۆرمىگەي".

ئۆز ئارا مۇناسىۋەت، قائىدە- ئەدەپ، سالام-سائەتتىمۇ سۆز- ئىبارىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدايى سالام بېرىشنى، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئادەتلىنىش كېرەك. **"سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار. (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرىكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 86- ئايەت}، سالامدىن كېيىن چىرايلىقچە تىنچلىق- ئامانلىق سورۇشۇپ، تامامى مېھرىبانلىق، مۇكەممەل ئادىمىيلىك تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن خوشلىشىش كېرەك. ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا: "قاچان كەلدىڭ، نەگە ماڭدىڭ، نېمە قىلىۋاتىسەن؟" دەپ سوراقتا تارتىش ئەدەپسىزلىك، قوپاللىققا ياتىدۇ. "خوش كەپسىز، يول بولسۇن، ھارمىغايسەن، بەرىكەت تاپقىن" دېسەك، سىپايە، يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. يەنە سۆز ئىبارىلەرنى مەنىسىنى چۈشىنىپ دەل جايىدا، توغرا ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك. مەسىلەن: بىرسى ۋاپات بولسا، ئۇنى پالانچى ئۆلۈپتۇ، دېسەك سەل قوپال ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى: ھايۋانلارغىمۇ ئۆلدى دېگەن سۆز ئىشلىتىمىز، ئادەملەرگە ئەگەر كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن بولسا: "بۇ دۇنياغا خوش ئېيتىپتۇ، ۋاپات بوپتۇ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ"، ئەگەر قازا كېلىپ ئۆلگەن بولسا "قازا قىپتۇ" دېگەن مۇۋاپىق. بىرسى تۇغقان بولسا پالانچى تۇغۇپتۇ، دېسەك يېقىمسىز ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلارمۇ تۇغىدۇ، ئادەملەرگە: "بوشىنىپتۇ، يەڭگۈۋاپتۇ، كۆزى يورۇپتۇ" دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلەتسەك سىلىق بولىدۇ. كوچىلاردا ۋاقىراپ يۈرۈش، ئادەم تووۋلاش، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىش، كۈلۈشۈش، ۋاقىراپ- تووۋلاپ خېرىدار چاقىرىش مەدەنىيەتسىزلىك، نادانلىق، قوپاللىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۆزئارا ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا يېقىملىق سۆزلىشىش، ھەرگىز ۋاقىراپ تووۋلىماسلىق لازىم.

باشقىلارنىڭ ئىسمىنى تولۇق ئاتاپ چاقىرىش كېرەك، ئەزان تووۋلاپ قويغان چىرايلىق ئىسمىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، يېرىم چاقىرىپ يۈرسەك ئەدەپسىزلىك، گۇناھ بولىدۇ.

بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئىنتايىن نەپىس، نازۇك، پاساھەتلىك، بالاغەتلىك، مۇكەممەل تىل. بىزنىڭ تىلىمىزدا سىلىق سىپايە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەر كۆپ. مەسىلەن: "سىلى، ئۆزلىرى، سىز، سىزلەر" دېگەن ھۆرمەت سۆزلىرىمۇ بار، چوڭلارنى بوۋا، دادا، ئاكا، ئانا، ھامما، ئاچا، كىچىكلەرنى: ئۇكام، ئىنىم، سىڭلىم دەپ چاقىرىدىغان ئەدەپ ئاتالغۇلىرىمىز كۆپ، شۇڭلاشقا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ھەر بىر ئادەمنىڭ يېشى، بىلىمى، نوپۇزى، ئىجتىمائىي ئورنى، قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ مۇۋاپىق ھۆرمەت ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتاشنى ئادەت قىلىش كېرەك.

سۆز ـ ئادەمنىڭ ھۆسنى، ھەر بىر ئادەم سۆزگە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، پەزىلىتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بارىنى بېغىشلايدۇ. چۈنكى، كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قولۇپى تىلدۇر ۋە ئۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىمۇ تىلدۇر. ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى بىر خەزىنە بولسا شۇ خەزىنىنى تىلدىن ئىبارەت ئاچقۇچنى سېلىپ ئېچىشنى بىلىش كېرەك. شۇڭلاشقا تىرىشىپ، ئىزدىنىپ ئۆز ئانا تىلىمىزنى پۇختا ئىگىلەپ، سۆز- جۈملىلەرنى ئېنىق، توغرا، دەل جايىدا، سىلىق، سىپايە، مېغىزلىق، يېقىملىق، چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

**(ئاپتور: مورى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپتىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**



# ئىسلام دىنى ۋە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئاياللار ئادەم قاتارىدا كۆرۈلمەي، بازارلاردا مال-ماتالاردەك سېتىلغان. ئۇلار ''ئادەم ئازدۇرىدىغان شەيتان، ئۇلار گۆش يېمەسلىكى، كۈلمەسلىكى، سۆزلىمەسلىكى، ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاقىتلىرىنى ئىبادەت ۋە خىزمەت ئىشلىرىغا سەرىپ قىلىشى كېرەك'' دەپ قارالغان.

ئەرەبلەردە بولسا، ئاياللار ئۇرغۇنلىغان ئاساسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنغان، ھەتتا ئۇلار ياشاش ھوقۇقى ۋە مىراسخورلۇق ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم ئىدى. ئەگەر قىز بالا تۇغۇلسا ئۇنى قەبىلىمىزگە، جەمەتىمىزگە چوڭ ئاھانەت ۋە نومۇس ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار ئاتالمىش نومۇستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىز بوۋاق تۇغۇلىدىغان يەرنىڭ يېنىغا ئالدىنئالا چوڭقۇر ئورا كولاپ تەييارلاپ قويۇپ، ئەگەر قىز تۇغۇلۇپلا قالسا دەرھال كۆمۈۋەتكەن. قىزلارنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈشى پەقەت ئۇلارنىڭ قىز بولۇپ قالغانلىق، شۇنداقلا قىز قىلىپ يارىتىلىپ قالغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئىدى. ئەرەبلەر ئاياللارغا مىراس بەرمەيتتى، بەلكى ئاياللارنى مىراس ئورنىدا ئالاتتى. دېدەكلەرنى پۇل ئۈچۈن پاھىشە بولۇشقا مەجبۇرلايتتى. ئوغۇللار ئاتىلىرىنىڭ خوتۇن (ئۆگەي ئانىسى)لىرىنىمۇ مىراس ئالاتتى. شۇنداقلا ئۇلارنى خوتۇن قىلاتتى. «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگىنىدەك. **''ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!''** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 57—59-ئايەتلەر}. **''ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق ( يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن''** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 19-ئايەت}. **''ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار''** {سۈرە «نۇر» (24-سۈرە)، 33-ئايەت}. **''ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى**

**ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ). بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!”** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 22-ئايەت}.

دېمەك، قەدىمكى تارىختا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، ئاياللار كۆپىنچە خارلىنىپ كەلدى. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت ئاياللارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ قويىدى. بۇ ئىنسانىيەتكە ئاياللارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى جىددىي رەۋىشتە تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى روناق تېپىپ، ئاياللارنىڭ ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ ئىشلارغا تۈنجى بولۇپ خاتىمە بېرىلدى. بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ ئاياللارنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ۋە خارلاشتەك ئىسلامغا زىت قىلمىشلارنىڭ ساقىندىلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە توغرا تەتبىقلىغاندىلا بۇ ھالەتلەرنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

ئەينى زاماندا مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن ۋە تۈرلۈك ئىجابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن چەكلەنگەن ئاياللار ئىسلامىيەت شارائىتىدىن قىلغان ئەمەللىرىگە ئەرلەرگە ئوخشاشلا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئاياللارنىڭمۇ بىر مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. **“ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)”** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 124-ئايەت}. **“ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر”** (ئىبنى ماجە رىۋايىتى). **“ھەر قانداق ئادەمنىڭ دېدىكى بولسا، ئۇنىڭغا ئىلىمنى ياخشى ئۆگەتسە ۋە ئۇنى ياخشى ئەدەپ بىلەن تەربىيىلىسە، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالسا، ئۇ ئادەمگە ئىككى ئەجرى بولىدۇ”** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن ماس قەدەمدە پاك، ساغلام ۋە مۇستەھكەم بولغان ئىمان-ئېتىقاد ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن قوراللىنىشقا، سۈپەتلىنىشكە ئۈندەيدۇ. **“مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى”** {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 35-ئايەت}.

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن مۇستەقىل قىلىندى. شۇنداقلا ئۇلارمۇ ئەرلەردەك ئىجابىي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. **“مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر”** {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 71-ئايەت}. مانا بۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم، مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە باشقىلارنىڭ ياخشى، يامان ئىش-ئەمەللىرىنىڭ تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، يەنى بىرىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ جاۋابكارلىقى يەنە بىرىگە

www.uyghurkitap.com

يۇكلەنمەيدىغانلىقىنى، ئەر كىشىمۇ، ئايال كىشىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ساۋابىغا ئۆزى ئېرىشىدىغانلىقىنى، قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ ئازابىغىمۇ ئۆزى دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۆمىن ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆز ئارا دوست ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. دوستلۇق دېگەن ياخشى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق بولغانىكەن، ئاياللارنىڭمۇ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئۆزىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىش هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ شەرىئەت يول قويغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش هوقۇقىنىڭ بارلىقىنىڭ كۈچلۈك بىر دەلىلىدۇر.

دېمەك، ئىسلام دىنىدا ئەر-ئاياللار باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتۈن مەخلۇقات ئىچىدىن ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلىنىپ يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ قىممەت پەرقى پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. كىم ئاللاھ تائالادىن بەكرەك قورقىدىكەن، شۇ ئۇلۇغ، شۇ ھۆرمەتلىك. كىم ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئاساسىدا ئەمەل-ئىبادەت قىلىدىكەن ھەم ئىلىملىك بولىدىكەن، شۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىنساندۇر. **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 49-ئايەت}. **"ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ"** {سۈرە «مۇجادەلە» (58-سۈرە)، 11-ئايەت}. **"ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، سىلەرنىڭ ئاتاڭلار بىردۇر، ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى، ئادەم توپىدىن يارىتىلغان. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئەرەب غەيرىي ئەرەبتىن، قارا تەنلىك ئاق تەنلىكتىن، ئاق تەنلىك قارا تەنلىكتىن ئارتۇق ئەمەس. ئارتۇق دېيىلسە، پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا ئارتۇق بولىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەقىقەتەن يەتكۈزدۇممۇ؟ — ئى ئاللاھ! يەتكۈزگىنىمگە گۇۋاھ بولغىن — بارلىرىڭلار يوقلىرىڭلارغا يەتكۈزسۇن!"** (ئەھمەد رىۋايىتى). يۇقىرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەردە يەنە جىنسىي ۋە ئىرقىي كەمسىتىش خاھىشلىرى بىردەك قامچىلانغان.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى دېگەندە ھەرگىز نوقۇل ھالدا تەتبىقلىنىپ، ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلماسلىقى، ھۆرمىتىگە سەل قارالماسلىقى لازىم. ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك. ئاياللار ئەرلەرنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە غەمگۈزارىدۇر، ئاياللار باللارنىڭ ئانىسى، شۇڭا ئۇلار ئىززەتلىنىشكە، سۆيۈلۈشكە سازاۋەردۇر. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر)"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 34-ئايەت}. **"ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەققى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەققى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن**

**بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»** {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 228-ئايەت}. مانا بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى بولۇشىدىكى ئارتۇقچىلىقى ئەرلەرنىڭ تەبىئىي ئارتۇقچىلىقىدىن كېلىپ چىققان. يەنى ئەرلەر جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئېغىر يۈكلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشتە ئاياللارغا قارىغاندا قابىلراق ۋە كۈچلۈكرەك. ئەرلەرنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. ئاياللار بولسا ھەيز كۆرىدۇ ۋە ھامىلدار بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ مىزاجىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. دېمەك، ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ئەرلەرنىڭ تەبىئىتىدىن روشەن ھالدا پەرقلەنگەچكە ئۇلار ئەرلەردەك ئېغىر يۈكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا نىسپىي ھالدا ئاجىزلىق قىلىدۇ. جەمئىيەتتە ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداش، خارلاش ۋە سېتىشتەك جىنايى قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر قانۇن-نىزاملارنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشىمۇ ئاياللارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى جەمئىيەتتە قانداق بىر ھالقىغا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەنسە، جەزمەن شۇ ھالقىنىڭ مۇھىملىقى ھەم ئاجىزلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ.

ئىسلام دىنى دەسلەپكى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلغاندى. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە نەچچە قېتىملىق ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىدىن تۈزۈكرەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن غەرب كۈچلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى بۇرمىلاش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەپرىقىچىلىق سېلىشى، مۇسۇلمانلارنى چىرىتىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تەنەززۇلى كۆرۈلدى. ئەلھاسىل، مۇسۇلمانلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتە زور كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىك نەزەرىيىسى بۇ جەھەتتىكى پايدىلىنىش، بۇرمىلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىندى. ئاياللار ئازادلىقى، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى غەربچە دېموكراتىيە تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ كىشىلەرنى بىر مەھەل مەپتۇن قىلغاندەك كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئازادلىق ۋە باراۋەرلىك قىزغىنلىقى ئىنسان تەبىئىتىدە بىنورمال ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مۇشۇ قىزغىنلىق قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ بۇرمىلىنىشى ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا چۈشەنمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئاياللار ئازادلىقى ۋە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى خاتا ياكى نوقۇل ھالدا تەتبىقلىنىپ، ئىنسان تەبىئىتى ئانچە كۆزدە تۇتۇلماي، ماھىيەتتىن چەتنەپ كېتىلدى. نەتىجىدە ئەرلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى، ئىرادىسىزلىكى، ئاياللارنىڭ نادانلىقى، باشباشتاقلىقى كېلىپ چىقتى؛ شۇنداقلا يارامسىز ئەرلەر ۋە بەڭۋاش ئاياللارنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىر قىسىم كۈچلەر ئاياللارنىڭ بۇ خىل باراۋەرلىك سادىدا ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئاياللىق تەبىئىتىگە يات بولغان ئامىللارنى تاڭدى. ئۇلار ئېغىر ئىشلارغا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىملاردا ئاياللىق لاتاپەت ۋە نازاكەت، ئەرلىك ماتانەت، يەنى ئەرلىك چىدام-غەيرەت يوقىدى، ياكى ئۇ ئىككى جىنسنىڭ خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئالماشتى.

ئىسلام دىنى پۈتۈن كائىناتنى، پۈتۈن ئالەمنى، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى (ئاسماندىن


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشكەن، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان، ئىنسانلار ئىجاد قىلمىغان) بىر دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرىدا، ئەركان-ئەھكاملىرىدا ئىنسان تەبىئىتى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئىسلام دىنى ”ئىنسانىيەت دىنى ياكى تەبىئەت دىنى“ دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسان ۋە باشقا مەخلۇقاتنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى. ئەر-ئاياللارنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىلىرى چوڭ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئىككى جىنسنىڭ تەبىئىتىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاشمىغىنىغا قاراپ، قىسمەن ئوخشاشماسلىققىمۇ ئىگە. شۇڭا ھەر بىر جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، ھاياتتا ئوينايدىغان ئۆزىگە خاس رولى بولىدۇ. قىسقىسى، ئەر-ئاياللار ئىنساني قىممەتتە، تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشتا، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا باراۋەردۇر.

باراۋەر دېگەنلىك ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس، ئوخشاش دېگەنلىك باراۋەر دېگەنلىكتۇر (يەنى بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭمۇ باراۋەر بولۇشى ناتايىن. بۇ پەقەت ماھىيەت ۋە شەكىل مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت). ئوخشاش بولغان نەرسىلەر ئۆزلىرىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن ئۆز ئارا باراۋەردۇر؛ ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەر ئۆزلىرىدىكى ئوخشاشماسلىقلار بىلەن بىر-بىرىنى ئۆزلىرىگە شەرت قىلىشىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرى بىلەن باراۋەرلىك ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: 16=4×4، 2×8 مۇ 16 بولىدۇ. بۇ ئىككىسى باراۋەردۇر. ماھىيەت جەھەتتە باراۋەر، شەكىل جەھەتتە پەرقلىق. ئەر بىلەن ئايال ئىنسانلىق ماھىيىتىدىن باراۋەر، لېكىن شەكىل، خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئوخشاش ئەمەس.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى راست سۆزلۈك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئابلا قارى ھوشۇر

بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق شارائىتتا راستچىل، سەممىي، ئادىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى بۇ كەڭرىچىلىك دەۋردە، تەرەققىياتنىڭ تېز بولۇشىغا ماس ھالدا، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئازغىنە دۇنيالىق مەنپەئەتى ۋە ئابرۇيىنى دەپ، قارىغۇلارچە يالغان گەپ قىلىپ، يالغان سۆز ۋە يالغان ئىش ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بىر-بىرىنى ئالداپ، بىر-بىرىگە ئورا كولاپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان ناچار ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇش بىلەن ھەتتا ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرىپ، بىزنىڭ كەلگۈسى ئىز باسارلىرىمىز بولغان ياش ئۆسمۈرلەرگىمۇ يۇقماقتا.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، بىر-بىرىگە يالغان گەپ قىلىش ۋە بىر-بىرىنى ئالداش ئىسلام دىنى قانۇنىغا ھەقىقەتەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ راست سۆزلۈك بولۇشىنى تەكىتلەپ، «قۇرئان كەرىم» دە: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار"** {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 119- ئايەت} دېگەن. **"راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا...... ئاللاھنىڭ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىغانلىقىنى..."** {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 35-ئايەت} ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرقانداق شارائىتتا راستچىل بولساق، ئاللاھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىشى ۋە كۆپ ساۋابلارنى بېرىشى چوقۇم. ئەگەر يالغان سۆزلەشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئازغىنە پايدا-مەنپەئەتنى دەپ يالغان سۆزلەۋەرسەك، ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتىمىز تۆكۈلۈش بىلەن بىرگە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئەخلاقلىق، سەممىي، ئادىل، راستچىل زات ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىغا زور بەرىكەت ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قۇرەيش مۇشرىكلىرىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ راست سۆزلۈك كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشاتتى. بىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تۇتۇپ ماڭىمىز، ئىككىلا ئالەمدە بەختكە ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىز ئۈممەتلىرىگە كۆيۈنۈپ راست سۆزلۈك بولۇش توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى قالدۇرغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"راست سۆزلۈك بولۇشنى ئۆزۈڭلارغا ئادەت قىلىڭلار. راست سۆز ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. ھەر بىر ئادەم دائىم راستچىل بولسا ۋە راستچىللىقنى ئادەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا راستچىل دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. يالغان گەپ قىلىشتىن قېچىڭلار، يالغان گەپ گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم دائىم يالغان گەپ قىلىشنى ئادەت قىلسا ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغانچى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەھل ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”بىر ئادەم ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ۋاستە قىلىپ، شېھىتلىك دەرىجىسىنى(جەننەتتىكى ئەڭ ياخشى ئورۇننى) سورىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى كېسەل بىلەن ئۆلگەن بولسىمۇ، شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ“ (مۇسلىم رىۋايىتى). ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئى ئابدۇللا، ئەگەر تۆت ئىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، سەن دۇنيادىن كەتكەچە زىيانغا ئۇچرىمايسەن. ئۇ بولسىمۇ: ئامانەتنى ساقلاش، راست سۆزلۈك بولۇش، ياخشى ئەخلاقلىق بولۇش ۋە ھالالدىن كەسىپ قىلىش“ (ئەھمەد رىۋايىتى).

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سودىسىدا راست گەپ قىلىشسا، مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرمىسا، ئۇلارنىڭ سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، سودا ئۈستىدە يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ كېتىدۇ“ (بۇخارى رىۋايىتى).

ھەر بىر ئادەم ئائىلىگە مەنسۇپ، ھەر بىر ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولۇش بىلەن شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبى قىسمى. ئەمما ھازىر بەزى كارخانىچىلار، كەسىپ ئىگىلىرى ۋە سودا-تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن كاسىپلار بىر-بىرىگە يالغان گەپ قىلىش بىلەنلا قالماي بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئىللىق بۆشۈكى بولغان ئائىلىدىمۇ، ئاتا-ئانا، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا يالغان سۆز، ساختا ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ناھايىتى مېھرىبان، كۆيۈنگۈچى ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر. شۇڭا بىز تەخىرسىزلىك بىلەن ئاللاھدىن گۇناھىمىزنىڭ، ناچار ئىللەتلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تىلەش بىلەن بىرگە، يالغان سۆز ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي شۇغۇللانماي، ئۆزىمىزنى ئەخلاقلىق، راستچىل، ئادىل، سەممىي، شۇنداقلا ياخشى ئىشقا ئالدىرايدىغان، يامان، ناچار ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان قىلىپ چىقىش بىلەن بىللە، كەسىپلىرىمىزدە يۇقتۇرۇۋالغان يامان ئىشلارنى دەرھال تۈزىتىپ، پەرزەنتلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، راستچىل، ئادىل، سەممىي، دەۋر تەلىپىگە لايىق ساپالىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، كەلگۈسى ئىز باسارلىرىمىز بولغان باللار، بىزنىڭ ناچار ئىللەتلىرىمىزدىن ئۆرنەك ئېلىۋېلىپ، ”ئاتا-ئانام قىلىدىكەن، دەيدىكەن، مەن قىلسامۇ، دېسەممۇ بولىۋېرىدۇ“ دېگەن خاتا ئويغا كېلىپ قالىدۇ-دە ئاقىۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بۇ زور زىيان بىز بىلەنلا كەتمەي كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ بالايى ئاپەت بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، راستچىل سەممىي، ئادىل، ئەخلاقلىق بولۇش مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ۋە ياكى مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن ھەر بىر ئىنساننىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئېسىل خىسلىتى ھېسابلىنىدۇ. راستچىل بولۇش ھەر بىر ئادەمنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ ھەم ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئۆزىمىز راستچىل بولۇش بىلەن بىرگە، ئەخلاقلىق، سەممىي، ئادىل بولۇپ، بىر-بىرىمىزنى ساختىلايدىغان، بىر-بىرىمىزگە يالغان گەپ قىلىدىغان ناچار ئىللەتلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، يالغان گەپ سۆز قىلىدىغانلارغا توغرا يول ئارقىلىق نەسىھەتكار ۋە يېتەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشىنى كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە توسۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىغاندىلا، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بىرلىكتە ئاللاھ كۆرسەتكەن توغرا يولدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىمىز ئاسان بولغۇسى.

(ئاپتور: مارالۋېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مەرپەتپەرۋەر ئۆلىما- داموللا قاسىم ھاجىم

يۈسۈپجان سىمەت ئەفىفىي

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مەرپەتپەرۋەر ئۆلىما داموللا قاسىم ھاجىم تۇرداخۇن ئوغلى— ئاتۇش شەھىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئورۇن ۋە شۆھرەتكە ئىگە مۇدەررىس ھەم جامائەت ئەربابى. ئۇ 1932- يىلى 5-ئايدا ئاتۇشنىڭ قەدىمىي قىشلاقلىرىنىڭ بىرى بولغان بوياماەت كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

داموللام 1945- يىلغىچىلىك ئائىلە تەربىيىسىدە ئۆسكەن. 1945- يىلدىن 1948- يىلغىچىلىك ئىپتىدائىي مەدرىستە ئۈچ يىل «قۇرئان كەرىم»، ئىلمى سەرف(مورفولوگىيە)، نەۋائى، نامەھەق...قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي پەنلەرنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ ساۋاتىنى ئابدۇرېھىم ئىمام، تۇرداخۇن خەلپىتىملەر چىقارغان. داموللام 1948- يىلى ئابدۇللا مەسۇم ئاچقان مەدرىسكە كىرىپ تاكى 1951- يىلغىچىلىك ئەرەب تىلى، ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى، ھىدايەتۇن نەھۋىي، شەرھۇل ۋىقايە، مىشكاتۇل مەسابىھ ... قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئابدۇللا داموللام ۋە ئەمەت خاتىپ ھاجىملاردىن تەلىم ئالغان.

داموللام 1953- يىلىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئوقۇشسىز قېلىپ ئائىلە دېھقانچىلىقىنى قىلغان. بىراق داموللام ياش ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولغاچقا، ئۈزلۈكسىز ئوقۇش پۇرسىتىنى ئىزدىگەن. 1954- يىلدىن 1959- يىلغىچىلىك ئاتۇشنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى— فازىل① زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋىي داموللا ھاجىم مۇدەررىسلىك قىلغان قەشقەر خانلىق مەدرىسكە يېقىن دۆڭ مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئىمىن مەۋلىۋىي داموللام، زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋىي داموللا ھاجىم ۋە سەلەي قارى داموللاملاردا ھىدايە، ئۇسۇل شاشى، نۇرۇل ئەنۋار، تەۋزىھ، بۇخارى، ئىلمۇل مەنتىق (لوگىكا)، جەلالەيىن، قازى بەيزاۋىي، مىفتاھۇل ئەدەب، مەقامات، شەمسىيە، ئىيسى غوجى، ھۇججەتۇل بالىغە... قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان دەرسلەرنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. مەشھۇر ئۆلىما، قۇرئانشۇناس— ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم، ئۈرۈمچى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەھمۇد داموللا ھاجىم، قارا شەھەرلىك بارات داموللا ھاجىم، بۇگۇرلۇك ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىملار بىلەن ساۋاقداشلاردىن ئىدى. داموللام ئەينى چاغدا تىرىشچان كۆزگە كۆرۈنگەن تالىپ بولۇپ، باشقا تالىپلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ بېرەتتى. ئۇ تۇرمۇش جەھەتتە قىينىلىپ ئوقۇغان، نۇرغۇنلىغان دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى قىينچىلىقلارنى يېڭىپ تاشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقارغان.

داموللام 1960- يىلدىن تاكى 70- يىللارنىڭ ئاخىرغىچە تىرىكچىلىك يولىنى تۇتقان. 80- يىللاردىن باشلاپ مۇدەررىسلىك ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ نۇرغۇنلىغان تالىپ، شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان. ئۆز ئانا يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

1991- يىلى ھۆكۈمەتنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يېڭى چوڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا دىنى مەكتەپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى داموللام بۇ مەكتەپكە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان. داموللام تا ھازىرغىچىلىك بۇ مەكتەپتە مۇدەررىسلىك قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ بۇ يىل 70 ياشتا بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئوبلاستلىق سىياسى كېڭەشنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئوبلاستلىق دىنى مەكتەپنىڭ ئىلمى مۇدىرى ھەم مۇدەررىسى. 1990-يىلى ھەج قىلغان. ئاللاھ داموللامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن! ئامىن.

ئىزاھات: ① فازىل— ”ئەللامە“ لىك ئۇنۋانىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئۇنۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج-تاۋاپ پەرزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: نەچچە مىڭ نەپەر جۇڭگو ھاجىلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى لىۋ شۇشياڭ ھاجى ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى رىشىت ھاجى نىياز، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ھاجى ئىبراھىملار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئۆمەك مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە خەلقئارا بۆلۈم مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن 2003-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەخسۇس ھۆددىگە ئالغان 13 ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ پەرزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ زىيارەتتە بولۇپ، 2-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج سەپىرىگە مېڭىش ۋاقتىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئەل بېشىر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار پايتەخت خەلقئارا ئايروپورتقا بېرىپ مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ھاجىلارنى تەبرىكلىگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ھەج پەرزىنى مەقبۇل كۆرۈشىنى تىلىگەن ئىدى.شىنجاڭلىق ھاجىلار ئۈرۈمچىدىن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، شۇجىسى لىۋ جېنچياڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى قىيسامىدىن، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ئايروپورتقا بېرىپ، ھاجىلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويغان ئىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن يەنە شەمشىدىن ھاجى، ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلارمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئىلگىرى-ئاخىر ئالايىتەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىنجاڭلىق ھاجىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە قارشى ئېلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: 2003-يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، بېيجىڭدىكى جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان دوستلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، زىياپەتكە 300دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى .

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېڭ (رخۇيزۇ)، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چياۋ زۇڭخۇەي، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىن جيەن، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى خۇاڭ خۇاڭ، جاۋ يەنىيەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چەتئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

ۋاڭ يۈنزى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جىيافۇ قاتارلىق رەھبەرلەر زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزدى .

زىياپەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. زىياپەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارنىڭ قوربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى .

تەكلىپكە بىنائەن، مەركەز ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، بېيجىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇددەرىس ۋە تالىپلار ۋەكىلى؛ بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمان مۇتەخەسسىس-ئالىملار؛ ئەرەب - ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلىرى زىياپەتكە قاتناشتى .

## يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە يىغىنى ئاچتى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى يىغىن چاقىرىپ، 2002-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلىپ ،بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى . يىغىنغا 29 يېزا-بازار، مەيداندىكى شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىپلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 200گە يېقىن كىشى قاتناشتى . يىغىندا 7يېزا- بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى لەۋھە بىلەن تەقدىرلەندى .«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتىرى توپلاش ۋە تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىدىن جەمئىي 56 نەپەر كىشى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى . (ئىمىن ساۋۇت)

## ئاقسۇ شەھرىدە تۇنجى قېتىم «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىل 1-ئاينىڭ 10- كۈنى شەھەر تەۋەسىگە قاراشلىق بارلىق يېزا، مەيدانلاردىكى قارى ۋە قارىيەلەر ئىچىدىن 17كىشىنى تاللاپ « قۇرئان كەرىم »قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى . بۇ مۇسابىقىگە شەھەر تەۋەسىدىكى مۆتىۋەر دىنى زاتلار ،ئىمام ، خاتىپلاردىن بولۇپ جەمئىي 50تىن ئارتۇق كىشى تەكلىپ بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە قاتناشتى . مۇسابىقىگە قاتناشقان 17 كىشىنىڭ ئىچىدىن نەتىجىسى ياخشى بولغان 4 قارى ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان « قۇرئان كەرىم » قىرائەت مۇسابىقىسىگە تاللاپ بېرىلدى .

(ئاقسۇ شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى)

## كەلپىن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

كەلپىن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2002-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئېچىلدى . يىغىنغا جەمئىي 70نەپەر ۋەكىل قاتناشتى . يىغىن سايلام ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 25نەپەر ھەيئەت ئەزا، 13نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزا، 5نەپەر رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقتى . (سەمەت دالى)

## دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مەركىزى كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى مەسئۇللىرى ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى ھېيتلىق ۋە چاغانلىق يوقلىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ياڭ تۇڭشياڭ، ۋاڭ زوئەن، چى شاۋفېي ھەم مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەرنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىقلار 2003-يىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئورگىنىغا كېلىپ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەركىزى بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىقلار 1-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ، مەركىزى كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى يوقلىغان ۋە ئۇلاردىن ھال سورىغان ئىدى. ئىككى ئىدارە مەسئۇللىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ قۇربان ھېيت بايرىمىنى تەبرىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە كېلەر يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا ئىلھامبەخش تەكلىپلەرنى بەردى.

## دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق تالىپلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې كېمىڭ، 1-مەھكىمە مۇئاۋىن باشلىقى گو چېنجېن، ئالىي مەكتەپلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى (مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى دەرىجىلىك) لۇي جىنگۇاڭ، ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى رېن جىجۇن قاتارلىقلار 2003-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى ئالايىتەن ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا كېلىپ، 2001-يىللىق ۋە 2002-يىللىق شىنجاڭ سىنىپىدىكى تالىپلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت داۋامىدا، تالىپلار ۋەكىلى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنى رەھبەرلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ، زامان تەرەققىياتىغا لايىق ئىزباسارلاردىن بولۇپ چىقىپ، رەھبەرلىكنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەھكىمە باشلىقلىرى خې كېمىڭ، گو چېنجېنلار سۆز قىلىپ، تالىپلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار سۆھبەتتە بىللە بولدى.

## ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق تالىپلارنى يوقلىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، شۆجىسى ليۇ جېنچياڭ، بىگتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم قاتارلىقلار 2002-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ 2001-يىللىق ۋە 2002-يىللىق شىنجاڭ سىنىپىدىكى تالىپلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. مۇدىر ھاپىز نىياز مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ تالىپلارغا لېكسىيە سۆزلەپ، شىنجاڭدىكى دىنلار ئەھۋالى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار ئەھۋالى ۋە يۇقىرى بىلىملىك دىنىي زاتلارغا بولغان جىددىي ئېھتىياج، تالىپلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە تەلەپ قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، تالىپلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. تالىپلار شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان غەمخورلۇق ۋە كۆيۈنۈش دەپ قارىدى ھەمدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەپ، ھۆكۈمەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار مەسئۇللار بىلەن باشتىن-ئاخىر بىللە بولدى.




♥**پوسكام** ناھىيە پوسكام يېزا داغچى كەنتى 4-مەھەللە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئەيسا مۇسا** ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى مەكتەپنىڭ قىشلىق يېقىلغۇسى تۈگەپ قېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى قوناق مەدىكى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇغانلىقنى ئاڭلاپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، مەسچىتتىن 800يۈەن پۇل چىقىرىپ ئىككى تونا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۆز تراكتورى بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. پاشاپ كەنت2-مەھەللە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئوبۇل كېرەم قارىم** 2002-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى بىر تراكتور ئوتۇننى ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنت مەكتىپىگە ياردەم قىلدى. 2002-يىل 12-ئاينىڭ 6-كۈنى، قۇچچى كەنت قاتارلىق 19 مەسچىتتىن **نۇرمەت مامۇت، مجىتخان غوجام، توختى ھوشۇر** قاتارلىق دىنىي زاتلار ئۆزى تۇرۇشلۇق مەسچىتتىن 1591يۈەن نەخ پۇل چىقىرىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 44 ئائىلىگە (125نوپۇسقا)ياردەم قىلدى.سەيلى يېزا يېڭىباغ كەنتتىكى **مۇھەممەت ئابدۇكېرىم** باشچىلىقىدىكى ئالتە نەپەر دىنىي زات ئۆز يېنىدىن 500يۈەن نەخ پۇل چىقىرىپ، شۇ كەنتتىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى.گۈلباغ يېزا بازار جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ۋە ئىمامى **ئابلا قارى ھاجىم** شۇ كەنتتىكى قىيىنچىلىقى بار 10 ئائىلىگە 500يۈەن نەخ پۇل ۋە بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە پوسكام ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم قىلغان نەخ پۇلى 10 مىڭ يۈەنگە، ئاشلىق، ئوتۇن، كۆمۈر قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 5مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولغان.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥**پوسكام** ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىكى 30نەپەر دىنىي زات 310يۈەن ئىئانە توپلاپ شۇيېزىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق كىيىم-كېچەك ئېلىشى ئۈچۈن مەكتەپ تەشكىلىگە تاپشۇرۇپ بەردى .يېزا بويىچە 35 نامرات، باققۇچىسى يوق ئائىلىگە 3285يۈەن قىممىتىدە ئاشلىق، سەي، گۆش، قىشلىق كىيىم-كېچەك، سۇ مېيى، كۆمۈر قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەردى . گۈلباغ يېزىسى بازار كەنت 1-مەھەللىدىن دىنىي زات **ئابلاجان قارى ھاجى**، يۇقىرى ئاراشۇ كەنتتىكى دىنى زات **ئەبەيخان قارى ھاجى** قاتارلىقلار ئايرىم ئايرىم ھالدا 250كىلوگرام ۋە 200كىلوگرامدىن ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى .

(دولقۇن تۇرسۇن)

♥**خوتەن ناھىيە** تۇساللا يېزا ھالالباغ كەنت چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابدۇراززاق قارىم** پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، ئۆز كەنتىدىكى ئالدىن بېيىغان بەش ئائىلە دېھقاننى سەپەرۋەر قىلىپ ،ئۆز كەنتىدىكى 6.5كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپا يولغا 55مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ تاش ياتقۇزۇپ،يول شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى.

(مەتنىياز ئىمىن، مەتىمىن مەتنۇرى )

♥**لوپ** ناھىيە ھاڭگىيا يېزا ئارتىش كەنت 3-مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى **خۇپپىدىن قارى ئاخۇنۇم** بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماي، ئىككى يىلدىن بۇيان رامزان ئېيى مەزگىلىدە، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 30ئائىلىنىڭ ھەر بىرسىگە 10كىلوگرامدىن سۇ مېيى، بىر خالتىدىن ئاق ئۇن، ئىككى قۇردىن كىيىم كېچەك ۋە رەخت قاتارلىق ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىپ كەلمەكتە . يەنە شۇ مەھەللىدىكى **ئابدۇغېنى ئاخۇن** قاسساپلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، يېقىنقى 3يىلدىن بىرى رامزان ئېيىدا 15 نامرات ئائىلىگە 5 كىلوگرامدىن 75كىلوگرام قوي گۆشى ياردەم قىلىپ كەلدى . ئارتىش كەنت لەڭگەر مەسچىتى 200يىللىق تارىخقا ئىگە مەسچىت بولۇپ كونىراپ خەتەرلىك بولۇپ قالغان ئىدى . ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالدىن بېيىغان شۇ مەسچىتنىڭ جامائىتىدىن **خۇپپىدىن قارى ئاخۇنۇم، مەتتۇرسۇن قارى ئاخۇنۇم، ئابدۇغېنى ئاخۇن، تۇرسۇنىياز ئاخۇن** قاتارلىق تۆت نەپەر كىشى 10 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 40مىڭ يۈەننى بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسچىتكە ياردەم قىلدى . مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەسلىدە بار مەسچىت مەبلىغى بىلەن بۇ پۇلنى قوشۇپ مەسچىتنى يېڭىلاپ سالدۇردى.

(ئەلمەردان ئابدۇللا)

♥**كۇچا** ناھىيىسى چىمەن بازىرىدىكى **ئىزىز تۆمۈر ھاجىم** باشچىلىقىدىكى 9نەپەر دىنىي زات 7065يۈەن قىممىتىدىكى نەخ پۇل، ماددىي ئەشيا، ئاشلىق، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلارنى ئېلىپ، 1-سەپتە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ كۈرەش قىلىۋاتقان چىمەن بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

(روزى مويدۇن)

♥**ئۇچتۇرپان** ناھىيىسى ئاقيار يېزا يۇقىرىقى كۆچۈرمە كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەرمۇللا قارى ھاجى** كەنتتىكى بىر قىسىم دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ 410يۈەن يىغىش قىلىپ، كەنت تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 14 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى . **ئەرمۇللا قارى ھاجى** يەنە ئۆز يېنىدىن 450 يۈەن چىقىرىپ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار بىر ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى .

(ئەھەت مۆمىن ، مۇھەممەتجان مۇرتىزا)

♥**توقسۇ** ناھىيىسى توقسۇ بازار رەستە مەسچىتى ئۆز كىرىمىدىن 7000يۈەن ئاجرىتىپ مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشىنى قوللاش يۈزىسىدىن 2دانە VCDئاپپاراتى سېتىۋېلىپ، بازارلىق 3-، 4-باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى ھەمدە بۇ مەسچىتنىڭ ياش ئىمامى ۋە خاتىپى **مىجىت ئىسلام داموللا ھاجى**نىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ھېيت، بايرام مەزگىلىدە 5000يۈەن قىممىتىدىكى كۆمۈر،نەخ پۇل ۋە سۇ مېيى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە ئىئانە قىلدى . (نىياز ساتتار)

♥**ئاۋات** ناھىيە بەشئېرىق بازار تۆۋەنكى خوجىۋاسقاق كەنت 4-گۇرۇپپىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات **ئابدۇراخمان يۈسۈپ** ھالال ئىشلەپ بېيىغاندىن كېيىن، باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماي 3 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 7مىڭ 500كىلوگرام بىر ماشىنا كۆمۈر سېتىۋېلىپ ،ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋە 31نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى .

( تۇرسۇن ھېقىل، ئابدۇرۇسۇل تۇنىياز )

♥**باي** ناھىيە ياكوپچا مەسچىت ئىمامى **ئەبەيدۇللا نۇر ئىمام** ئىككى يىل ئىچىدە ئۆز يېنىدىن 7000يۈەن نەخ پۇل چىقىرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئۇن ، ماي، كىيىم- كېچەك، دەپتەر، قەلەم سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بەردى . (ئەيسا ياقۇپ)

♥**كەلپىن** ناھىيىسىدىكى 126نەپەر دىنىي زات نامرات ئائىلىلەرگە 12 مىڭ 577يۈەن نەخ پۇل، 3365 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. مائارىپ ئىشلىرىغا 2مىڭ يۈەن نەخ پۇل، 651يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى . ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىغا 650 يۈەن نەخ پۇل ياردەم قىلدى .

(سەمەت دالى)

♥**ئاقتو** ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇجمە قونساق جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئىسمايىل مەخسۇم** ئۆزى باشلامچى بولۇپ ھەم جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپكە 6570يۈەن نەخ پۇل، ئىككى توننا كۆمۈر، 3199تال ياغاچ، 15 تراكتور ئوتۇن ياردەم قىلدى، ھەمدە 81نامرات ئائىلىگە 24مىڭ300يۈەن نەخ پۇل، 1000كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 8515كىلوگرام ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى . ئۇجمە يېزا 4-كەنت 3 -كوپىراتىپ جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **غوپۇر قادىر** نامرات ئائىلىگە 6000يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى. (سېيىت ئەمەت قادىر)

♥**تۇرپان شەھىرى**گە قاراشلىق ھەر قايسى يېزا (بازار)لاردىكى دىنىي زاتلار رامىزان ئېيى مەزگىلىدە ئىئانە توپلاپ، مائارىپقا 7200يۈەن؛ نامرات يېتىم-يېسىرلارغا، كېسەلچان كىشىلەرگە 8366يۈەن نەخ پۇل، بىر كالا، 21خالتا ئۇن، 15 قۇر كىيىم-كېچەك؛ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 6500يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى. (شاھمەردان ئىمىن نىياز)

♥**پىچان** ناھىيىسى پىچان يېزىسىنىڭ شۇگە كەنتىدىكى **ئىسمائىل قارى ھاجى، غاپپار قارى ھاجى** قاتارلىق دىنىي زاتلار شۇگە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن 2055يۈەن نەخ پۇل، 20يۈرۈش پاختىلىق چاپان، 200دەپتەر، 200دانە قەلەم ئىئانە قىلدى. لۈكچۈن بازىرى يېڭى شا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق

مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەتلىك دىنىي زات **ئۆمەر نىياز هاجى** بازار تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپتىن قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان 33 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. بۇ كەنتتىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىمۇ يەنە نامرات ئائىلىلەرگە 4716 يۈەن نەخ پۇل، شۇڭگە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا 3210 يۈەن نەخ پۇل ياردەم قىلدى. لەمجىن بازىرىدىكى دىنىي زاتلار مائارىپقا 4200 يۈەن نەخ پۇل، 425 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

(تاھىرجان قادىر، ئوسمان ھەببۇللا، كېرەم روزى)

♥شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە **پەيزاۋات باش مەيدانى** 8-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق **ئابدۇرېشىت ئەمەت قارى هاجىم، جاپپار ئىسلام قارى هاجىم** دىنىي زاتلار ئەتراپىدىكى ئېتىقادچى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 3900 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان 18 نەپەر ئۆسمۈرنى خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىن باشقا، 42 ئائىلىلىك نامرات، ئىگە-چاقىسىز يېتىم-يېسىرلارغا 4500 جىڭ ئاشلىق ئىئانە قىلدى.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

♥شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 50-**تۇەنىدىكى** دىنىي زاتلار ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2000 يۈەن ئىئانە توپلاپ مىللىي مەكتەپكە بەردى.

(رەيھانگۈل تۇراق)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥**قەشقەر ۋىلايىتىدىكى** يەككە تىجارەتچى، خۇسۇسىي كارخانىچىلار ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچى ۋە «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى» ئائىلىلەر ئۈچۈن 59 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. بۇ پائالىيەت داۋامىدا يەنە مائارىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قوللاش قاتارلىق ئىشلارغا 744 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥**قۇربان ھەسەن ھاجىم** شىنجاڭ «ئاياس» شىركىتىنىڭ لىدىرى، 2001-يىلى ئاتۇش شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىغا ئۆز يېنىدىن 60 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. شۇ يىلى يەنە شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، بىر قۇدۇق كولاتقۇزۇپ بەردى. ئۇ يەنە ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئىشتاچى كەنت يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، كەنت يولىنى ئاسفالىتلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپكە 10 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 50 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ئېلىپ بەردى ھەمدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

♥ **قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى** قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بەشئېرىق يېزا ئوران 10-كەنتىدىكى نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى قىلغاندى. ئۇلار بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر قىسىم كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، 12 خالتا ئۇن، 2 تونna كۆمۈر، 12 تۇياق قوي، 12 قۇر كىيىم-كېچەك، 12 يوتقان-كۆرپە، 1200 يۈەن نەق پۇل قاتارلىق 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى توپلاپ، 10- كەنتتىكى نامرات 12 ئائىلىگە ئىئانە قىلدى. ئۇلار يەنە، بۇ كەنتتىكى 54 نامرات ئائىلىنىڭ ھەر بىرىگە يوتقان-كۆرپىلىك ئۈچۈن 10 مېتىردىن جەمئىي 540 مېتىر تاۋار-دۇردۇن تارقىتىپ بەردى. بۇ كەنتتىكى ئۆيلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان 7 ئائىلىلىككە 10 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، پىششىق قىشلىق، 2 ئېغىزلىقتىن ئۆي سېلىپ بەردى؛ بۇ نۇقتىدا 6 ئاي تۇرۇپ ئىشلىگەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد ئۆز يېنىدىن 1800 يۈەن پۇل چىقىرىپ، مىيىپ ئايال چىنارخان سېلىمغا پىششىق قىشلىق ئۆي سېلىپ بەردى. ئۇ يەنە 5000 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 28 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، 14 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. بىر ئائىلىنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. (خەيرىنگۇل ئابدۇقېيۇم)

♥**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى** توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىچ ئېرىق يېزىسىنىڭ جاي كەنتىنى ئۆزىنىڭ يار-يۆلەك بولۇش نۇقتىسى قىلغاندىن بۇيان ، كومىتېتدىكى خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى پۇل يىغىش قىلىپ، كەنت ئورگىنىغا بىر دانە كىچىك تىپتىكى سۇ تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىپ بەرگەندىن باشقا، 450 كىلوگرام بۇغداي ئۇنى سېتىۋېلىپ، 17 ئائىلىدىن ھال سورىدى ، 1026 يۈەن نەخ پۇل ۋە 280 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرىنى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 22 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئىئانە قىلدى . مەكتەپكە 365 يۈەن قىممىتىدىكى بىر دانە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ، رادىئو كانىيى ۋە 100 مېتىر توك سىمى ياردەم قىلدى . (نىياز ساتتار)

♥**تۇرپان شەھىرى** كونا شەھەر بازىرى رەستە جامە مەسچىتىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپا ئەزاسى **ئەركىن ھاجىم** قاسساپچىلىق كەسپىي بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ، ھەر يىلى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا نەخ پۇل چىقىرىپ ، نامرات ، ئاجىزلارغا ۋە ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلدى .ئۇ ئۆتكەن يىلى يەنە 36 ئائىلىلىك نامرات، ئاجىزلارغا 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدە نەخ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى .3 نەپەر ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ 300 يۈەندىن ئۈچ يىللىق ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئالدى . ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن توي قىلالمايۋاتقان ئىككى جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن 6000 يۈەن ياردەم قىلدى. (شاھمەردان ئىمىن نىياز)

♥ **تۇرپان شەھىرى** يار يېزا شېھىتلىك 2-كەنتى جامە مەسچىتىنىڭ قانۇنى ۋەكىلى **تۇرسۇن ھاجىم** ئۆز ئورنىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىشنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن ئالتە نامرات ئائىلىگە 500 يۈەن قىممىتىدە بىر ماشىنا كۆمۈر، شېھىتلىك باشلانغۇچ مەكتىپىگە 1400 يۈەن قىممىتىدە 8 تونىنا كۆمۈر ئىئانە قىلغان. كونا شەھەر شەرقىي قوۋۇق 3-كەنت مەسچىتىنىڭ قانۇنى ۋەكىلى **قېيۇم سەمەت** يارغول مەكتىپىگە 1200 يۈەن قىممىتىدە ئىككى ماشىنا كۆمۈر ئىئانە قىلغان. (مەكسۇر مەمەت)

♥**پىچان** ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسىدىكى **پاتەمخان ئۇرايىم** قاتارلىق تۆت نەپەر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما يېقىندا پىچان ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 3500 يۈەن نەخ پۇل ئىئانە قىلدى . (ئوسمان ھەبىبۇللا)

♥شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە **پەيزاۋات باش مەيدانى** 2003-يىل 1-ئاينىڭ 11-كۈنى مەيدان مالىيىسىدىن 15 مىڭ يۈەن، **مەيدان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى** 10 مىڭ 500 يۈەن چىقىرىش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردىكى 85 ئائىلىلىك نامرات، تورمۇشتا قارىغۇچىسى يوق ئىگە-چاقىسىز تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلاردىن سەممىي ھال سورىدى . (تۇرسۇنجان زۇنۇن)

♥شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 50- **تۈەن** 15-لىيەندىكى **كېرەم ئىمىن** 50-تۈەن مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپكە بەش دانە كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى. يەنە بۇ تۈەندىن **مەخمۇت قارى** قىش كىرىشى بىلەن 600 يۈەنلىك 50 قۇر كىيىم-كېچەك ئېلىپ شاقۇر مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەردى. (رەيھانگۇل تۇراق)






2003-يىل 2-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان زاتلارغا قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى.



2003-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 1- ۋە 3-مەھكىمە مەسئۇللىرى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان 2001- ۋە 2002-يىللىق شىنجاڭ سىنىپىدىكى تالىپلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، شۆجىسى لىيۇ جېنچياڭ، بىڭتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىملار 2002-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق تالىپلارنى يوقلىدى.





جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شە مىشدىن ھاجى قاتارلىقلار 2003-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ 6-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى.



قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر قادىر ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى باشچىلىقىدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك ياش دىنىي زاتلار ئۆمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيەدە بولغان مەزگىلدە جەمئىيىتىمىزنى زىيارەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
《中国穆斯林》(维吾尔文版)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1007-5836 国际标准刊号：
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN11-1346/B 国内统一刊号：
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (新) 58-167 国内邮发代号：
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720 国外发行代号：
ISSN 1007-5836
9 771007 583001 03>

公开发行 定价：4元
باھاسى:4 يۈەن ئاشكارا تارقىتىلىدۇ